# ئاقسۇ ۋىلايىتى



**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** ئاقسۇ ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، جەنۇبى خوتەن ۋىلايىتى بىلەن، غەربىي جەنۇبى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، شىمالى تەڭرىتاغ ئارقىلىق ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي شىمالى قازاقىستان، قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى، شايار ناھىيىسى، توقسۇ ناھىيىسى، باي ناھىيىسى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسى ۋە كەلپىن ناھىيىسى قارايدۇ. ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئاقسۇ شەھىرىدە. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 193 مىڭ 400 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.


**تەبىئىي بايلىقى:** ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، جەنۇبىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى تارىم دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، كۇچا دەرياسى ئېقىن تىنىما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىق ئۈچ چوڭ دەريا ۋە نۇرغۇنلىغان كۆللەر بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن 53 خىلى بار بولۇپ، ئېنېرگىيە، مېتال، قىممەتلىك مېتال، مېتاللوئىد، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال، ياقۇت ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قېزىلما بايلىقىدىن ئىبارەت يەتتە چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە كۆمۈر زاپىسى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، دۆلەتنىڭ غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدىكى گاز مەنبەسىنىڭ 80% ى مۇشۇ يەردىن چىقىدۇ. ياۋايى ھايۋانات بايلىقىدىن يىلپىز، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكى بايلىقىدىن چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، تاغ لەيلىسى، چاكاندا قاتارلىقلار بار. ئاقسۇ ۋىلايىتى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 42.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 227 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ماددىي بايلىقى مول بولۇپ، دۆلەتنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم بازىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېرىك يېزا ئىگىلىكى بازىسى. تەۋەلىكىدىكى نېفىتلىك ۋە گازلىق تارىم نېفىتلىكى ۋە گازلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبى. سانائەتتە نېفىت، تەبىئىي گاز، توقۇمىچىلىق، خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئاشلىق ـ ياغ پىششىقلاش قاتارلىقلار بار. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، پاختا، كۆممىقوناق، شال، قىزىلچا، ئالما، ئۈزۈم، نەشپۈت، ياڭاق، چىلان قاتارلىقلار بار. ئاقسۇ ۋىلايىتى مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر قاراكۆل قويى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ تاغ ئۆچكىسى تىۋىتى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن پۇراقلىق گۈرۈچ «نارتۇق گۈرۈچى»، قەغەز ياڭاق، قىزىل ئالما، كۇچا كىشمىش ئۆرۈكى، ئامۇت، رەڭلىك پاختا قاتارلىقلار بار.


**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** ئاقسۇ ۋىلايىتى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، غول لىنىيە دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ۋىلايەتنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، دۆلەت يولى 217 ـ لىنىيىسى تەڭرىتاغنى ھالقىپ ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدۇ. تەۋەلىكىدە ئاقسۇ، كۇچا ئايرودروملىرى بار بولۇپ، ئۈرۈمچى، كورلا، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بىۋاستە ئۇچقىلى بولىدۇ. تاشيول، تۆمۈر يول، ئاۋئاتسىيە، تۇرۇبىلىق گاز يەتكۈزۈش بىرلىشىپ ستېرېئولۇق ترانسپورت تورىنى شەكىللەندۈرگەن. ئاقسۇ ۋىلايىتىدە قەدىمىي يادىكارلىقلار كۆپ بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «كۇسەن سەنئىتى» خەزىنىسى دەپ ئاتالغان. قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا تاشغارى، سۇ بېشى قەدىمىي شەھىرى، توغراق ئېقىن مىڭئۆيى، قىزىلقاغا مىڭئۆيى، قەدىمىي تۇرا قاتارلىق ئالتە جايدا مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن بار. داڭلىق مەنزىرە رايونلىرىدىن تۆمۈر چوققا دۆلەت تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، سىرلىق ئورمان باغچىسى مەنزىرە رايونى، تەڭرىتاغ سىرلىق جىلغىسى قاتارلىقلار بار.

## كورلا شەھەر رايونى


### بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى



# ئاقسۇ ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى



# ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى




# ئاقسۇ شەھرى



**ئاقسۇ شەھرى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان. شەرقى شايار ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى ئاۋات ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى ۋە چىرا ناھىيىسى بىلەن، غەربى ئۇچتۇرپان، كەلپىن ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئونسۇ ناھىيىسى، توقسۇ ناھىيىسى بىلەن، ئوتتۇرا قىسمى ئارال شەھرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاقسۇ شەھرى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى، 2 بازار، 5 يېزا بار، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14668 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 560 مىڭ.

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تارىم دەرياسى ۋە ئاقسۇ دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن ئاقسۇ دەرياسى، دولان دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن فوسفور، هاك تاش، دولومىتلىق سۇرتاش، بازالىت، كۋارتس قۇم قاتارلىقلار بار. ياۋايى هايۋانلاردىن تايغان بۇغا، جەرەن، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، سۇزاپ قاتارلىقلار بار. ئاقسۇ شەھرى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدىغان بولۇپ، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، هۆل-يېغىنى ئاز، نۇر چۈشۈشى يېتەرلىك، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل-يېغىن مىقدارى 74.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1869.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 201 كۈن.

ئاقسۇ شەھرى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ۋە دۆلەت يولى 314-لىنىيىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ قاتناش تۈگۈنى هېسابلىنىدۇ. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ساياهەت بايلىقىدىن باشاقچى قەدىمىي شەهرى، ئېلىنداتام قەدىمىي شەهرى، كۆكيار ئىهاتە ئورمان قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بار. تارىم دەرياسىدىكى شەپەق ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەت ساياهەت نۇقتىلىرى تېخىمۇ جەلپكارلىققا ئىگە.






-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر


1 : 800 000 0 8 16 24 32 كىلومېتىر



**ئۇنسۇ ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى تۆمۈر چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي باي ۋە توقسۇ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى ئاقسۇ شەھىرى بىلەن، غەربى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن، شىمالى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي شىمالى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇنسۇ ناھىيىسىگە 5 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14309 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 210 مىڭ.

ئۇنسۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، جەنۇبىي قىسمى توشقان دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن توشقان دەرياسى، تېرەك دەرياسى ۋە مۇزارت دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تاش تۇز، فوسفور، تۆمۈر، ئۇران قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قورچاققول، قانتېپەر، كەتىرا، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. ئۇنسۇ ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، ئىقلىمى مۆتىدىل، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، قۇياش نۇرى يېتەرلىك. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 71.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1734.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 210 كۈن.


ئۇنسۇ ناھىيىسىنىڭ ئاقسۇ شەھىرى بىلەن ئارىلىقى ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، تاشيول، تۆمۈر يول، ھاۋا قاتناشلىرى نىسبەتەن قۇلايلىق. ئۇنسۇ ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن چۆللۈكتىكى يېشىل تاش دەپ ئاتىلىدىغان قىرمىشئاتام مازىرى، يىل بويى قار-مۇز قاپلاپ تۇرىدىغان تۆمۈر چوققا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، يېشىل تاغ-چوققىلار بىلەن قاپلانغان تەڭرىتاغ ئورمان باغچىسى، ئېپتىدائىي يېشىللىق تۇمشۇق توغراقلىقى قاتارلىقلار بار.



**كۇچا ناھىيىسى** تەڭرىتاغ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى بۈگۈر ناھىيىسى، لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى شايار ناھىيىسى بىلەن، غەربى توقسۇ ناھىيىسى، باي ناھىيىسى بىلەن، شىمالى خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. كۇچا ناھىيىسىگە 9 بازار، 6 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14522 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 400 مىڭ.

كۇچا ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، جەنۇبىي قىسمى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن كۇچا دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. قېزىلما بايلىقلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى زور، باشقا بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆارتس قۇم، تاشتۇز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، ئاق لەيلەك قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن شىنجاڭ ئارچىسى، مېۋىلىك ئاق تىكەن، تەڭرىتاغ چېتەنى قاتارلىقلار بار. كۇچا ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى قۇرۇق سوغۇق، ياز پەسلى قاتتىق ئىسسىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.3°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 73.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2339.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 223 كۈن.

كۇچا ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى، دۆلەت يولى 314-، 217-لىنىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قاتنايدىغان قەرەللىك نۆۋەتچى ئايروپىلانى بار. كۇچا ناھىيىسى قەدىمىي «يىپەك يولى»دىكى داڭلىق شەھەرلىكى بىلەن، نەپىس كۇسەن ئۇسسۇلى ۋە پارلاق تاش غار مەدەنىيىتى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قۇمتۇرا مىڭئۆيى، قىزىلقاغا مىڭئۆيى، كۇسەن قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلار بار، داڭلىق مەنزىرە جايلىرىدىن قىزىليار جىلغىسى، چوڭكۆل ئورمان باغچىسى قاتارلىقلار بار.




# شايار ناھىيىسى

**شايار ناھىيىسى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا، ئۆگەن دەرياسى بوستانلىقى تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى لوپنۇر ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى چىرا ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، نىيە ناھىيىسى بىلەن، غەربى ئاقسۇ شەھىرى، ئارال شەھىرى بىلەن، شىمالى توقسۇ ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شايار ناھىيىسگە 4 بازار، 4 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 31868 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭ.

شايار ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى بوستانلىق تۈزلەڭلىكى، ئوتتۇرا قىسمى تارىم دەرياسى ۋادىسى تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن ئۆگەن دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. نېفىت زاپىسى بىر قەدەر مول بولۇپ، باشقا قېزىلما زاپىسى ئازراق. ياۋايى ھايۋانلاردىن تايغان بۇغا، ساقىيقۇش، سۇر تورنا، تورنا قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، ئالقات، سۇزاپ، جىغان قاتارلىقلار بار. شايار ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، ھۆل-يېغىنى ئاز، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 64.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2072.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 220 كۈن.

شايار ناھىيىسى دۆلەت يولى 314-لىنىيىسىنىڭ جەنۇبىي يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆلكە يولىنىڭ 210-، 211-لىنىيىلىرى ئۇنىڭ بىلەن تۇتىشىدۇ، قاتنىشى قۇلايلىق. شايار ناھىيىسى كۆسەن مەدەنىيىتى بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئۇشقات قەدىمىي شەھىرى، بوستانتوغراق قەدىمىي شەھىرى، ھەجەئانام قەدىمىي قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار بار. تارىم دەرياسى، تەكلىماكان قۇملۇقى قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلىرى بار.





1 : 800 000

**توقسۇ ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەرقىي كۇچا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى ئاقسۇ شەھىرى، شايار ناھىيىسى بىلەن، غەربى ئونسۇ ناھىيىسى بىلەن، شىمالى باي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. توقسۇ ناھىيىسگە 2 بازار، 6 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 5821 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 140 مىڭ.

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، تەبىئىي يانتۇلۇقى ئانچە چوڭ ئەمەس، شەرقىي قىسمى ئۆگەن دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، غەربىي جەنۇبىي قىسمى كەلكۈن تىنما تۈزلەڭلىكى، شىمالىي قىسمى چۆلتاغ. ئۆگەن دەرياسى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ بىردىنبىر دەرياسى بولۇپ، بوستانلىقنى ساقلاپ تۇرىدىغان ھاياتلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، تاش تۇز، مىس قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قارا لەيلەك، جەرەن، ياۋا چوشقا قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، پاقا يوپۇرماق ئۇرۇقى قاتارلىقلار بار. توقسۇ ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، كىلىماتى قۇرغاق، ھۆل-يېغىنى ئاز، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 77 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1882.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 208 كۈنگە يېتىدۇ.

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى راۋان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ناھىيىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە كۇچا ناھىيىسگە يېقىنلىشىدۇ، ھاۋا قاتنىشى قولايلىق. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، توغراق ئېقىن قەدىمىي شەھىرى، توغراق ئېقىن مىڭئۆيى، توپا قەدىمىي شەھىرى، ئۇشقات قەدىمىي شەھىرى، تۇرلا قەلئەسى قاتارلىقلار بار. مېۋە پۇراقلىرى كەتمەيدىغان باغۋەنچىلىك مەيدانى، سۇلىرى چايقىلىپ تۇرغان 1-ماي سۇ ئامبىرى قاتارلىقلارمۇ كىشلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يازلىق ساياھەت مەنزىرىلىك جايلىرى ھېسابلىنىدۇ.





1 : 450 000

**باي ناھىيىسى** تەڭرىتاغ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، چۆلتاغنىڭ شىمالىي چېتىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. شەرقى كۇچا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى توقسۇ ناھىيىسى بىلەن، غەربى ئونسۇ ناھىيىسى بىلەن، شىمالى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى، تېكەس ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. باي ناھىيىسىگە 4 بازار، 10 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15889 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭ.

باي ناھىيىسىنىڭ تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، جەنۇبىي قىسمى پەس تاغلىق رايون. سۇ بايلىقىدىن مۇزارت دەرياسى، قاپسلاڭ دەرياسى، قاراسۇ دەرياسى، قىزىل دەريا قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مانگان، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قۇرتئوت، چۆچۈكبۇيا، چاكاندا ئوتى قاتارلىقلار بار. باي ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق، ياز پەسلى سالقىن، قىش-ئەتىياز پەسلى ئۇزۇنراق، ياز-كۈز پەسلى قىسقاراق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 120.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1364.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 168 كۈن.

باي ناھىيىسىنىڭ ئورنى دۆلەت يولى 314-لىنىيىسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئۆلكە يولىنىڭ 307-لىنىيىسى بۇ يول بىلەن تۈز سىزىق بويىچە تۇتىشىدۇ. باي ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيىتى پارلاق بولۇپ، قەدىمىي يادىكارلىقلار كۆپ، جۇڭگو بويىچە تۆت چوڭ غارنىڭ بىرى بولغان قىزىل مىڭئۆي ۋە تېتىر مىڭئۆي، ئونباش مىڭئۆيى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرە جايلىرىدىن قىزىل كۆلبېشى ئارامگاھى، تېرەك ئارىشىگى ۋە تېرەك ئورمان باغچىسى قاتارلىقلار بار.




-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000


# ئۇچتۇرپان ناھىيىسى

## ئۇچتۇرپان ناھىيىسى

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى ئونسۇ ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ شەھىرى بىلەن، جەنۇبى كەلپىن ناھىيىسى بىلەن، غەربى ئاقچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە 1 بازار، 8 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 9012 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 180 مىڭ.

ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالى ئېگىز، ئوتتۇرا قىسمى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، جەنۇبىي قىسمى پەس تاغلىق رايون، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئالدى گوبى بەلۋىغى ۋە توشقان دەرياسى ۋادىسى بەلۋىغى. سۇ بايلىقىدىن توشقان دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن فوسفور، ئالیۇمىن، مەرمەرتاش، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، سىگىرتاش، سۇرمە، فارفور تۇپىسى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، جەرەن، ئارقار، ئاق قۇ، ئۇلار، سۇغۇر قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن چۈچۈكبۇيا، تاغ لەيلىسى، قانتېپەر، مامۇرانچىن، يەرمەدىكى قاتارلىقلار بار. ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، تېمپېراتۇرىنىڭ كۈندىلىك پەرقى بىر قەدەر چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.1℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 112.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1858.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 179 كۈن.

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تەۋەسىدە ئۆلكە يولى 306-لىنىيىسى بولۇپ، شەرقتە ئاقسۇغا تۇتىشىدۇ، غەربتە ئاقچىغىچە بارىدۇ. ئۇچتۇرپان ناھىيىسى داڭلىق ساياھەت مەنزىرىلىك جايى بولۇپ، ئەزەلدىن «يېرىم تاغ شەھىرى، يېرىم بۇلاق شەھىرى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. مەنزىرىلىك جايلىرىدىن توققۇز بۇلاق باغچىسى، مۆلجەر تاغ، ئوتتېبىشىدىكى سوۋۇتقا، قۇمبۇلاق قاتارلىقلار بار. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن جۇڭگولۇ راۋىقى، يېڭىئايماق قەدىمىي شەھىرى، تاڭ پادىشاھى قەسرى، سالام مىڭئۆيى، بەدەل تۇراسى ۋە شىمالىي تاغ قەدىمىي قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بار.




1 : 500 000

-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000


# ئاۋات ناھىيىسى



**ئاۋات ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي شىمالى ئاقسۇ شەھىرى، ئارال شەھىرى بىلەن، جەنۇبى لوپ ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى بىلەن، غەربى كەلپىن ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاۋات ناھىيىسىگە 3 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 13976 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 210 مىڭ.

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تۈز بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئېقىن تىنما بوستانلىق تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن ئاقسۇ دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، زەرەپشان دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تايغان بۇغا، جەرەن، ئاق قۇ، ئېپار چاشقان، ئاق لەيلەك قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، سوغىگۈل، سۇزاپ، داڭگۈي، يەر مەدىكى قاتارلىقلار بار. ئاۋات ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ، ھاۋاسى كۆپىنچە ئوچۇق، يامغۇرى ئاز، ھاۋانىڭ سۇزۇكلۇك دەرىجىسى يۇقىرى، قىروسىز مەزگىلى ئۇزۇنراق، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، تۆت پەسلى ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.5°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 59.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1887.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 210 كۈن.

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، ئاقسۇ شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 50 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ ھەمدە ئۆلكە يولى 208-لىنىيىسى بۇ يەردىن ئۆتىدۇ. ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، يېشىللىققا پۈركەنگەن تەبىئىي توغراقلىق باغچىسى، پايانسىز كەتكەن قۇملۇق مەنزىرىسى، دولقۇنلار ئۆركەشلەپ تۇرغان تارىم دەرياسى، تىنچ ئېقىۋاتقان خوتەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. كلاسسىك خەلق سەنئىتى «دولان مۇقامى» پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق بولۇپ، دولان ئۇسسۇلى تولىمۇ جەزىبدارلىققا، جەلپكارلىققا ئىگە.






## كەلپىن ناھىيىسى


كەلپىن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە، قىرتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقى ئاقسۇ شەھىرى، ئاۋات ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن، غەربى ئاتۇش شەھىرى، ئاقچى ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. كەلپىن ناھىيىسگە 1 بازار، 4 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 8918 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 40 مىڭ.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قىيپاش بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى كەلپىن ئويمانلىقى، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى قەشقەر دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن كەلپىن دەرياسى، قىزىلقۇم دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. بايقالغان ۋە راپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن گۆڭگۈرت، سۇلفونلۇق تۆمۈر، ماگنىت، قوڭۇر تۆمۈر، نېفىت، مىس، قوغۇشۇن، فوسفور، سىنىك، ئۇران، كۆمۈر، گەج قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، جەرەن، ئۇلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن مامۇرانچىن، چاكاندا، ياپىلاق ئارچا، قانتېپەر قاتارلىقلار بار. كەلپىن ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، قۇرغاق، يامغۇرى ئاز، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 96.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2633.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 223 كۈن.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق بولۇپ، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 25 كىلومېتىر كېلىدۇ ھەم ئۆلكە يولى 308-لىنىيىسى بۇ يول بىلەن تۇتىشىدۇ. كەلپىن ناھىيىسى قەدىمىي «يىپەك يولى» بېسىپ ئۆتىدىغان مۇھىم جاي، شۇنداقلا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نىسبەتەن كۆپرەك. بۇنىڭ ئىچىدە قىسلىنىڭ تېغى بۇتخانىسى، چۇداينىڭ تېغى قەلئەسى، يايدى تۇراسى، چىلان تۇراسى، كەلپىن نەپىس تاش قوراللىرى خارابىسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قورام، دۆنە قاتارلىق داڭلىق مەنزىرە جايلىرى بار.



1 : 500 000





# قىزىلسۇ
# قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى




**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن، جەنۇبى قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى تاجىكىستان بىلەن، شىمالى قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئاتۇش شەھىرى، ئاقتو ناھىيىسى، ئاقچى ناھىيىسى ۋە ئۇلۇغچات ناھىيىسى قارايدۇ، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئاتۇش شەھىرىدە. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 458 مىڭ 400 بولۇپ، ئاساسلىقى قىرغىز، ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.

**تەبىئىي بايلىقى:** قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قاراپ شوتا شەكلىدە يۇقىرى ئۆرلەپ ماڭغان بولۇپ، تاغ كۆپ، تاغ يېرى پۈتۈن ئوبلاست ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %90 تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. سۇ بايلىقىدىن توشقان دەرياسى، ئۆرۈك دەرياسى، چاقماق دەرياسى، قىزىلسۇ دەرياسى، گەز دەرياسى، كۇسەن دەرياسى ۋە قارا تاش دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، مانگان، خروم، قوغۇشۇن، سىنىك، قەلەي، كوبالت، كۆمۈر قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇشۇن بىلەن سىنكىنىڭ زاپىسى شىنجاڭ بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدۇ، پېيزو ئېلېكترلىك خرۇستال زاپىسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى زاپاس مىقدارىنىڭ %90 تىن كۆپرەكىنى، مىس زاپىسى %40 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن قارا لەيلەك، ئاق لەيلەك، يىلپىز، ئارقار، سۈلەيسۇن، ئۇلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چوچۇكبۇيا، ئەڭلىكئوت، ئەنجۇدان، چاكاندا، يەر مەدىكى قاتارلىقلار بار. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغ، ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.4℃ ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 135.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2386.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 190 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدە دۆلەت 1-دەرىجىلىك ئىككى پورت بولۇپ، چېگرا سودا تەرەققىياتى نىسبەتەن تېز بولماقتا، ئىمپورت-ئېكسپورت ئۇچقاندەك ئاشماقتا. ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە باغۋەنچىلىك شىنجاڭ بويىچە بەلگىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەنجۈر، مۇناقى ئۈزۈم، بارىن ئۆرۈكى، ئانار قاتارلىق سۈپەتلىك مېۋىلەر تەدرىجىي كۆلەم ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەنجۈر ئېلىمىز مېۋىلىرىنىڭ ئېسىلى ھېسابلىنىدۇ. سانائەتتىن كان قېزىش، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ئاشلىق-ماي پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلار بار. يېزائىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، شال، كېۋەز، كۆممىقوناق، ياغلىق دان قاتارلىقلار بار. چارۋىچىلىق كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، قوي، قوتاز، كالا بېقىش ئاساس قىلىنىدۇ.


**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە چىقىشتىكى مۇھىم دەرۋازا. دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بۇ ئوبلاست تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ، ئۆلكە يولىنىڭ 212-، 306-، 309-لىنىيىلىرى ھەممە تەرەپكە تۇتىشىدۇ. ئوبلاستتىكى دۆلەت 1-دەرىجىلىك ئىككى پورت —— تورغات پورتى ۋە ئەركەشتام پورتى ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك. ئوبلاست تەۋەسىدە تاشيول ترانسپورتى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئوبلاست مەركىزىدىن ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ۋە ناھىيىلەردىن ھەرقايسى يېزىلارغا تۇتىشىدىغان تاشيول تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئوبلاست تەۋەسىدە ساياھەتچىلىك بايلىقى مول بولۇپ، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇز چوققىلىرى، ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل ئېگىزلىك، «مۇز تاغ ئاتىسى» دەپ نام ئالغان مۇزتاغ چوققىسى، قوڭۇر تۆپە چوققىسى، قارا كۆل، يانبۇلاق مۇزلۇق باغچىسى، كوئېنلۇندىكى ئۈچ ھەيۋەتلىك مەنزىرىلىك رايون ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ تاغ ئېرمىسى ئۇچتاش مەنزىرىلىك رايونى قاتارلىقلار تاغقا چىقىش ۋە تاغ ساياھىتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك جايى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قاراخانىلار خاندانلىقى ئوردىسى خارابىسى، ئاتۇش سۇغۇن قەدىمىي شەھىرى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇددا ئۆڭكۆرى ئۈچ مىراۋان غارى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مور بۇددا مۇنارى ۋە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى گەز ئۆتەڭى قاتارلىقلار بار.

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى





1 : 1 600 000

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى




1 : 1 600 000




171
170

## ئاتۇش شەھىرى

**ئاتۇش شەھىرى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. شەرق تەرىپى مارالبېشى ناھىيىسى، كەلپىن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى بىلەن، غەرب تەرىپى ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي شىمال تەرىپى ئاقچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي شىمال تەرىپى قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاتۇش شەھىرى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. ئۇنىڭغا 2 كوچا باشقارمىسى، 7 يېزا قارايدۇ. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ پامىر يولىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15509 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 204 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

شەھەر تەۋەسىدە ئېگىز تاغلار كۆپ، شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى پاكار تاغ ۋە ئېدىرلىق رايونى، جەنۇبىي قىسمى تاغ ئېتىكى تىنىما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن چاقماق دەرياسى، بوغاز دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن قوغۇشۇن، سىنىك، ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، تىتان، ۋانادىي، كۆل تۇزى، ھاك تاش، مەرمەر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، جەرەن، ئۇلار، ياۋا چوشقا قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قانتېپەر، قورچاققول، مەرزەنجۇش، ھىلىڭ، ئەگىلىكئوت، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. ئاتۇش شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدۇ، قۇرغاق، ھۆل-يېغىن ئاز، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.0°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 83.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2970.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 252 كۈن.

ئاتۇش شەھىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ «ئالتۇن دېلتا» رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، قەشقەر ئايرودرومىغا 35 كىلومېتىرلا كېلىدۇ. دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بۇ يەرگە تۇتاشقان بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاۋار بازىسى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى ۋە غەربكە ئېچىۋېتىشنىڭ كۆۋرۈكى. بۇ شەھەر قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم ئۆتەڭ، جۇڭگو ۋە غەرب ئەللىرى مەدەنىيىتىنىڭ بىرىككەن يېرى بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن، قەدىمىي يادىكارلىقلىرى بىر قەدەر كۆپ. بۇ يەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۈچ مىراۋان غارى، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئوردىسى خارابىسى، ھەسسۇلتان مازىرى خارابىسى قاتارلىقلار بار.

ئالتىمېتىر
-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر


1 : 600 000
0 6 12 18 24 كىلومېتىر



**ئاقتو ناھىيىسى** پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ياقىسىغا جايلاشقان. شەرقتە يېڭىسار ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا ئۇلۇغچات ناھىيىسى، قەشقەر كوناشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى بىلەن قوشنا، جەنۇبتا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە تاجىكىستان، قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاقتو ناھىيىسى قارىمىقىدا 2 بازار، 11 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر كۆلىمى 24107 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 170 مىڭ.

ئاقتو ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ قىيپاش بولۇپ، شەرقىي شىمال قىسمى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، غەربىي جەنۇب قىسمى تاغلىق رايون. سۇ بايلىقىدىن مۇجى دەرياسى، ئېگىزيار دەرياسى، كەڭشۋەر دەرياسى، قاراتاش دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، قوغۇشۇن، كۆمۈر، خرۇستال قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چاكاندا، ئالقات قاتارلىقلار بار. ئاقتو ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە بولۇپ، كۈن چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 67 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2427.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 221 كۈن.

ئاقتو ناھىيىسى قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىياغا قاتنايدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى پۈتۈن ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاقتو ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقىدىن «مۇزتاغ ئاتىسى» دەپ ئاتىلىدىغان مۇزتاغ ئاتا چوققىسى، قوڭۇر چوققىسى، قوڭۇرتاغ توققۇز بەل چوققىسى، مەنزىرىسى گۈزەل بولغان ئېگىزلىك كۆلى قاراكۆل، بۇلۇڭ كۆلى، مەنزىرىسى كۆركەم ئويتاغ ئورمان باغچىسى، يەنە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى گەز ئۆتكىي بار.




1 : 850 000

**ئاقچى ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. شەرقىي شىمالدا ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبتا كەلپىن ناھىيىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبتا ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي شىمالدا قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 1 بازار، 5 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 11441 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 30 مىڭ.

ئاقچى ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى جەنۇب ۋە شىمالى ئېگىز، ئوتتۇرا قىسمى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى، جەنۇبىي قىسمى قىرتاغ، ئوتتۇرا قىسمى توشقان دەرياسى جىلغىسىدىن ئىبارەت. سۇ بايلىقىدىن توشقان دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىسى بار. بايقالغان ھەم زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن سىرپېنتىن، گەج، مەرمەر تاش، ئىسلاندىيە شپاتى، تۆمۈر، مانگان، قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، جۇڭگو چۆمگەك چۆل ئۆردىكى، ئالتۇن بۈركۈت، يالغان تاز قارا، يوغان باش بىلىق، قوڭۇر ئېيىق، ئارقار، جەرەن، ئۈلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن جىغان، چۈچۈكبۇيا، ياۋا بەديان، قىزىل يوپۇرماقلىق ئەمەن قاتارلىقلار بار. ئاقچى ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 209.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2030.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 153 كۈن.

ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى بىرقەدەر قولايلىق بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆلكە يولى 306-لىنىيىسى كېسىپ ئۆتىدۇ، شەرق تەرىپى ئاقسۇ شەھىرى، غەرب تەرىپى دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ھەمدە ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاقچى ناھىيىسى دۇنيادىكى ئۇۋ بۈركۈتىنىڭ يۇرتى، جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ تارىخىي داستان «ماناس» بارلىققا كەلگەن جايلاردىن بىرى، ساياھەت بايلىقى ئۆزگىچە بولۇپ، ئىبراي قورغىنى، جاقىرغىن قورغىنى، بەدەل بۇلالى تۈرى، مۇزلۇق قىيا تاش سىزمىلىرى ھەمدە توشقان دەرياسى جىلغىسى مەنزىرىسى ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلار بار.




-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

1 : 600 000

0 6 12 18 24 كىلومېتىر




**ئۇلۇغچات ناھىيىسى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە، تەڭرىتېغى بىلەن كۇئېنلۇن تېغى تۇتاشقان جايغا جايلاشقان. شەرقى ئاتۇش شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى ئاقتو ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب، شىمال تەرەپلىرى قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا 2 بازار، 9 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 18758 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 40 مىڭ.

بۇ ناھىيىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى، جەنۇبىدا پامىر ئېگىزلىكى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرى، شەرقىي جەنۇبىدا قەشقەر دېلتىسى تۈزلەڭلىكى بار. سۇ بايلىقىدىن قىزىلسۇ دەرياسى ۋە چاقماق دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، نېفىت، تەبىئىي گاز، قوغۇشۇن، سىنىك، سترونتسىئىت، تاشتۇز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، جەرەن، يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، ئۇلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى، ئەڭلىكئوت، چۇچۇكبۇيا، ھىڭ، چاكاندا، قانتېپەر، يەر مەدىكى قاتارلىقلار بار. ئۇلۇغچات ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، كۈن تولۇق چۈشىدۇ. كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 172.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2674.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 164 كۈن.

ئۇلۇغچات ناھىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى چېگرا ناھىيە، ئۆلكە يولى 212-، 309- لىنىيىلىرى ۋە دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدە ئۇچرىشىدۇ، بۇ ناھىيىدىكى دۆلەت 1- دەرىجىلىك پورتى تورغات، ئەركەشتام پورتلىرى قىرغىزىستان بىلەن تۇتىشىدۇ. ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىدىن ئۈچتاش ئوتلىقى، سىمخانا تاغلىق رايون مەنزىرىسى قاتارلىقلار بار.

177




176

1 : 750 000

# قەشقەر ۋىلايىتى



**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** قەشقەر ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شەرق تەرىپى خوتەن ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى كەشمىر بىلەن، غەربى تاجىكىستان، ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربىي شىمالى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، شەرقىي شىمالى ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىگە قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قارايدۇ، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىدە. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 3 مىليون 501 مىڭ 200 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.


**تەبىئىي بايلىقى:** قەشقەر ۋىلايىتى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ قىيپاش بولۇپ، غەربىي جەنۇبىي قىسمى قارا قۇرۇم تېغى، ئوتتۇرا قىسمى زەرەپشان دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، شىمالىي قىسمى قەشقەر دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، شەرقىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن زەرەپشان دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، تىزناپ دەرياسى قاتارلىقلار بار. ھازىرغىچە بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، چىرىمتال، گەج، سېرپېنتىن، نېفىت، تەبىئىي گاز، تاشپاختا، بىرىللىيانت قاتارلىق 67 خىلى بار، ئۇنىڭ ئىچىدە گەج زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، سېرپېنتىن زاپىسى مەملىكەت بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، قوڭغۇر ئېيىق، ئارقار، ئۆلار، سۇغۇر قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، چاكاندا، تاغ لەيلىسى، كىرمش قاتارلىقلار بار. قەشقەر ۋىلايىتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق، ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃ 11.7، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 70 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2700 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 240 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** قەشقەر ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساسلىق ئىگىلىك قىلغان ۋىلايەت. پاختا ئىشلەپچىقىرىش بۇ ۋىلايەتنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلانغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مۇھىم تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ. ئانار قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك ئالاھىدە مېۋىلەرنى خام ئەشيا قىلغان يېمەكلىكنى ئىنچىكە پىششىقلاش سانائىتى تېز تەرەققىي قىلماقتا، پاختا توقۇمىچىلىق قاتارلىق سانائىتى بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە. سانائىتىدىن پاختا توقۇمىچىلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئىچىملىك، مېۋە ھارىقى قاتارلىق تۈرلىرى بار. مىللىي ئەنئەنىۋى قول سانائىتى بەلگىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، قىچا، شال، يالىڭاچ ئارپا قاتارلىقلار بار. ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان باغۋەنچىلىك كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، شاپتۇل، ئۆرۈك، بادام، ئەنجۈر، پىستە، ئانار، پەيزاۋات قوغۇنى قاتارلىقلار چىقىدۇ.


**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** قەشقەر ۋىلايىتى جۇڭگونىڭ شەرقىدىكى مۇھىم تاشقى سودا ئېغىزى ۋە قاتناش تۈگۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى، شۇنداقلا دۆلەت يولى 314 ـ، 315 ـ، 219 ـ لىنىيىلىرى توپلانغان نۇقتا. قەشقەر ئايرودرومى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2 ـ چوڭ ئايرودروم بولۇپ، كۆندە ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىدا مۇقىم قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان بار. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك ئىككى پورت — خونجىراپ پورتى بىلەن قاراسۇ پورتى ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا تۇتىشىدىغان مۇھىم خەلقئارا پورت. قەشقەر ۋىلايىتى قويۇق تارىخىي مەدەنىيىتى، يارقىن مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، ئالاھىدە ئانتروپولوگىيىلىك تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن شىنجاڭدىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ساياھەت قىزىق رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرىدىن ھېيتكار جامەسى، ئاپپاق خوجا مازىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، مەھمۇد قەشقەرى مازىرى، تاش قەلئە، قىزقورغان خارابىسى، قۇملۇق توغراقلىق مەنزىرىلىك رايونى قاتارلىقلار بار.

# ئاتۇش شەھەر رايونى





# قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى







1 : 2 000 000

0 20 40 60 80 كىلومېتىر

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى









1 : 2 000 000

0 20 40 60 80

# قەشقەر شەھىرى




**قەشقەر شەھىرى** دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى شەھەر بولۇپ، قەشقەر دەرياسى دىلتىسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان، شەرق، غەرب تەرىپى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن، شىمال تەرىپى ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. قەشقەر شەھىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى، ئۇنىڭغا 4 كوچا باشقارمىسى، 4 يېزا قارايدۇ. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي خەلق يولىدا. ئومۇمىي يەر مەيدانى 555 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 427 مىڭ بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان.

قەشقەر شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى بولۇپ، قەشقەر دەرياسى تىنىما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. سۇ بايلىقىدىن قىزىل دەرياسى، تۈمەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن زاراڭزا، پاقا يوپۇرماق ئۇرۇقى، ئالقات، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. قەشقەر شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە. يازدا تومۇز، قىشتا قەھرىتان بولمايدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8°C ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 64.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2299.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 205 كۈن.

قەشقەر شەھىرى جۇڭگو-غەرب قاتنىشىنىڭ تۈگۈنى، ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى تاۋارلىرىنىڭ توپلىشىدىغان يېرى ۋە ئۆتەڭ بېكىتى. شۇنداقلا شەرق، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا تارقىلىدىغان ۋە بىرىكىدىغان كۆۋرۈكى، دۆلەت يولى 314-، 315-لىنىيىلىرى مۇشۇ يەردە كېسىشىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بىۋاستە بۇ شەھەرگە تۇتىشىدۇ. شىنجاڭدا 2-چوڭ ئايرودروم بولغان قەشقەر ئايرودرومىدىن مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە ھەر كۈنى مۇقىم نۆۋەتچى ئايروپىلان قاتنايدۇ. قەشقەر شەھىرى جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرى بولۇپلا قالماستىن، مەشھۇر ساياھەت شەھىرى بولۇپ، شەرق، غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك. بۇ يەردە جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە مەشھۇر بولغان ھېيتكار جامەسى، ئاپپاق خوجا مازىرى (ئىپارخان مەقبەرىسى)، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار.

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى




**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى** پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى غەربكە ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى سېپى، شەرقى پەيزاۋات ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى يېڭىشەھەر ناھىيىسى، ئاقتو ناھىيىسى بىلەن، غەربى ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئاتۇش شەھىرى بىلەن، ئوتتۇرا قىسمى قەشقەر شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا 1 بازار، 16 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 3513 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 360 مىڭ.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇب، شىمال، غەرب تەرەپلىرى تاغ بىلەن ئورالغان، يەر شەكلى غەربتىن شەرققە يانتۇ. سۇ بايلىقىدىن قىزىلسۇ دەرياسى، گەز دەرياسى، قەشقەر دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، تاشتۇز، نېفىت، گەج، ھاك تاش، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، جەرەن، بۆرە، سۇغۇر قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۇزاپ، جۇت، قانتېپەر قاتارلىقلار بار. كوناشەھەر ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ، تۆت پەسلى ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 72.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2537.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبقا ئېچىۋېتىشتىكى تۈگۈن رايونىغا جايلاشقان. قاتنىشى قۇلايلىق، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، قەشقەر خەلقئارا ئايرودرومىغا يېقىن. بۇ ناھىيە قەدىمىي «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ساياھەت بايلىقى مول، ئاسارئەتىقىلىرى كۆپ، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە ، بۇ يەردە مەھمۇد قەشقىرى مازىرى، مور بۇددا مۇنارى، خانئۆي قەدىمىي قەلئەسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەشكېرەم چوڭ بېغى، پاختەكلە شاللىق مەنزىرىسى قاتارلىقلار بار.





# قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى




## قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى

تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، قەشقەر تىنىما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. شەرقى پەيزاۋات، يوپۇرغا ناھىيىلىرى بىلەن، جەنۇبى يېڭىسار ناھىيىسى بىلەن، غەربى ئاقتو ناھىيىسى بىلەن، شىمالى كوناشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر شەھرى بىلەن تۇتىشىدۇ. تەۋەسىدە 3 بازار، 12 يېزا بار. ئومۇمىي يەر مەيدانى 2232 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 290 مىڭ.

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسىملىرى تىنىما تۈزلەڭلىك، شەرقىي جەنۇبى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن قەشقەر دەرياسى، پەيزاۋات دەرياسى، يوپۇرغا دەرياسى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن لاچىن، ئۈۋچى لاچىن، سۇرلەيلەك، ئاق لەيلەك قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، ئالقات، چاكاندا، ئەگىلكئوت قاتارلىقلار بار. يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، تۆت پەسلى ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 63.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2604.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 215 كۈن.

بۇ ناھىيە قەشقەر شەھرىنىڭ شەرقىي جەنۇب دەرۋازىسى بولۇپ، «ئالتۇن كارىدور» دېگەن نامى بار، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ئۆلكە يولى 214-، 310-، 311-لىنىيىلىرى بىلەن مۇشۇ يەردە تۇتاشقان بولۇپ، قەشقەردىن خوتەنگە، شىزاڭ ئالىي رايونىغا بارىدىغان ئۆتەڭ. يېڭىشەھەر ناھىيىسى «قەدىمىي يىپەك يولى» دىكى مۇھىم بازار بولۇپ، ساياھەت بايلىقى مول، داڭلىق مەنزىرە جايلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ، بۇلاردىن بايخان قەدىمىي شەھەر خارابىسى، سۇلى قەدىمىي شەھەر خارابىسى، ياقۇب بەگ قەلئەسى خارابىسى قاتارلىق يادىكارلىقلار بار، بۇ يەرنىڭ قويۇق مىللىي پۇراقتا ئىگە ئۆرپ-ئادەتلىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى مەھلىيا قىلىدۇ.




1 : 300 000


# يېڭىسار ناھىيىسى

**يېڭىسار ناھىيىسى** كوئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى يەكەن ناھىيىسى بىلەن، غەرب، جەنۇب تەرىپى ئاقتو ناھىيىسى بىلەن، شىمالى يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يېڭىسار ناھىيىسىگە 1 بازار، 13 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 3374 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 230 مىڭ.

يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى ئېگىز، شەرقىي شىمالى پەس بولۇپ، غەربىي جەنۇبىي قىسمى قوڭۇر تاغلىق رايونى، شەرقىي شىمالىي قىسمى قۇم بارخانلىرى ۋە قۇرۇق ساي، غەربىي شىمالى يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىك. سۇ بايلىقىدىن كۆسەن دەرياسى، ئېگىزيار دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، كۆمۈر، مەرمەر، چىرىمتال، گۈڭگۈرت، رودا تۇز، هاك تاش، گەج، كرىستال، تازىلانغان شور قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قۇملۇق تۈلكىسى، تارىم توشقىنى، جەرەن، قىرغاۋۇل، ياۋا ئۆردەك، تاغ كەكلىكى، سۇ يىلىنى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، ئاچچىق مېغىز قاتارلىقلار بار. يېڭىسار ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تېپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، كۈن نۇرى كۈچلۈك، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.9°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 70.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2135.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 215 كۈن.

يېڭىسار ناھىيىسى تاشيول ترانسپورتىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قاتنىشى قولايلىق، يوللىرى ھەممە ياققا تۇتاشقان، دۆلەت يولى 315 - لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، غەربتە قەشقەرگە، شەرقتە يەكەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلارغا تۇتىشىدۇ. يېڭىسار ناھىيىسى دۇنياغا مەشھۇر «دارۋاز» چىلىق سەنئىتى تەرەققىي قىلغان جاي، «جۇڭگونىڭ دارۋازچىلىق ماكانى». مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئاقتۇ قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلار بار.





# پوسكام ناھىيىسى

**پوسكام ناھىيىسى** كوئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە، زەرەپشان دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرا يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى ۋە جەنۇبى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، غەربى ۋە شىمالى يەكەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. پوسكام ناھىيىسىگە 1 رايونلۇق ئىش بىجىرىش ئورنى، 2 بازار، 10 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 985 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 180 مىڭ.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ بولۇپ، غەربىي جەنۇبى زەرەپشان دەرياسى تىنمىسىدىن شەكىللەنگەن يەلپۈگۈچسىمان تۈزلەڭلىك، شەرقىي شىمالى زەرەپشان دەرياسى تىنمىسىدىن شەكىللەنگەن تۈزلەڭلىك. سۇ بايلىقىدىن تىزناپ دەرياسى، زەرەپشان دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقى بىر قەدەر مول بولۇپ، بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغانلاردىن نېفىت، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قۇملۇق تۈلكىسى، ئىپار چاشقان قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۇزاپ، توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، زاراڭزا، سېرىق يوگەي، لوپنۇر كەندىرى، چاكاندا، بۇدۇشقاق، ياۋا يالپۇز قاتارلىقلار بار. پوسكام ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 54.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2079.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئەۋزەل، ئاساسىي ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولۇپ، يوللىرى تۆت ئەتراپقا تۇتاشقان، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. پوسكام ناھىيىسى زەرەپشان دەرياسى قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ساياھەت بايلىقى مول، داڭلىق مەنزىرە جايلىرىدىن ئالتۇن توغراق دۆلەت ئورمان باغچىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن دۆۋىلىك خارابىسى قاتارلىقلار بار.





1 : 175 000

**يەكەن ناھىيىسى** قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى مەكىت ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبى پوسكام ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، غەربى يېڭىسار ناھىيىسى، ئاقتو ناھىيىسى بىلەن، شىمالى يوپۇغا ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا 7 رايون، 7 بازار، 22 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 8959 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 650 مىڭ.

يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا پەس بولۇپ، غەربىي جەنۇبىي قىسمى كوئىنلۇن تاغلىق رايونى، شەرقىي شىمالىي قىسمى زەرەپشان دەرياسى تىنما تۈزلەڭلىكى، غەربىي شىمالىي قىسمى قۇملۇق. سۇ بايلىقىدىن زەرەپشان دەرياسى قاتارلىق ئېقىنلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، كېپەك ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنك، نىكېل، خروم، ھاك تاش، كرىستال، كۆك قاشتېشى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئۆلار، قوڭۇر يىلپىز، ئاتسېپىنىسىر بېلىقى، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۇچۇكبويا، چاكاندا، سوغىگۈل، قانتېپەر قاتارلىقلار بار. يەكەن ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تېپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە. كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 53.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2256.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 209 كۈن.

يەكەن ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق بولۇپ، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ساياھەت بايلىقى مول، تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەت ئۆزگىچىلىكى گەۋدىلىك. قاراسۇ قۇملۇق مەنزىرىسى، داڭلىق ئېپتىدائىي ئورمىنى، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئىجادچىسى ئامانىساخانىنىڭ مەقبەرىسى قاتارلىقلار بار.








1 : 550 000



قاغىلىق ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى گۇما ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبى كەشمىر رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، شىمالى يەكەن، پوسكام، مەكىت ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. قاغىلىق ناھىيىسىگە 3 بازار، 1 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 28600 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 370 مىڭ.

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كوئېنلۇن تاغلىق رايونى، شىمالىي قىسمى تىزناپ دەرياسى تىنما تۈزلەڭلىكى، شەرقىي شىمالى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقلىرىدىن زەرەپشان دەرياسى، تىزناپ دەرياسى، چىپان دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، قاشتېشى، ئىسلاندىيە تېشى، تاشپاختا، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن كۆكيامان، ئاتباش قوڭۇر ئېيىق، ئۈلار، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، قانتېپەر، ئۈچقات قاتارلىقلار بار. قاغىلىق ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 57.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2328.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىرووسىز مەزگىلى 230 كۈن.

قاغىلىق ناھىيىسىدە تاشيول ھەممە يەرگە تۇتاشقان بولۇپ، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى بىلەن 219-لىنىيىسى مۇشۇ يەردە كېسىشىپ، غەربتە قەشقەرگە، شەرقتە خوتەنگە، جەنۇبتا شىزاڭغا تۇتىشىدۇ. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ تاغ چوققىلىرى بىر-بىرىگە تۇتاشقان، دەريا-كۆللىرى كۆركەم، تارىخىي يادىكارلىقلىرى كۆپ، ساياھەت بايلىقى مول ھەم ئۆزگىچە، چىپان مىڭئۆيى، شېھىتنا قەدىمىي شەھەر خارابىسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن باشقا يەنە ئاقتاش سۇ ئامبىرى، زۇڭلاڭ مەنزىرە رايونى قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلىرى بار.




# مەكىت ناھىيىسى

**مەكىت ناھىيىسى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان. شەرقى گۇما ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، غەربى يەكەن ناھىيىسى بىلەن، شىمالى مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا 1 بازار، 9 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 10927 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭ.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى، غەربىي قىسمى بوستانلىق ۋە تىنىما تۈزلەڭلىك. سۇ بايلىقىدىن زەرەپشان دەرياسى، تىزناپ دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تۇز، گەج، هېقىق قاتارلىقلار بار. ياۋايى هايۋانلاردىن قوڭۇر لاچىن، تارىم تايغان بۇغىسى، جەرەن، قىرغاۋۇل، تارىم توشقىنى، تۈلكە قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۇچۇكبۇيا، سۇزاپ، جىغان، ئالقات، زاراڭزا قاتارلىقلار بار. مەكىت ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل-يېغىن مىقدارى 47.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2081.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 215 كۈن.

مەكىت ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ «ئالتۇن دېلتا»سىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، قاتنىشى قۇلايلىق، يوللىرى هەممە يەرگە تۇتاشقان، ئۆلكە يولى 215-لىنىيىسى ناهىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالدا دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى بىلەن، جەنۇبتا دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. مەكىت ناھىيىسى مۇقام ئەجدادى ئامانىساخاننىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بولۇپ، خەلق سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇزاق ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە، پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر بولغان «دولان ئۇسسۇلى ماكانى»، «دېهقان رەسساملىرى ماكانى»، مىللىي سەنئەت ۋە خەلق سەنئىتى ماكانى.




# يوپۇغا ناھىيىسى

**يوپۇغا ناھىيىسى** تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى يەكەن ناھىيىسى بىلەن، غەربى يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن، شىمالى پەيزاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يوپۇغا ناھىيىسىگە 2 بازار، 7 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 3126 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 130 مىڭ.


يوپۇغا ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى تەكشى بولۇپ، شەرقىي شىمالى ۋە غەربىي جەنۇبى قۇملۇق، غەربىي شىمالى ۋە شەرقىي جەنۇبى تىنما تۈزلەڭلىك. سۇ بايلىقىدىن يوپۇغا دەرياسى، تىرىم دەرياسى، داۋا كۆل قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، تارىم توشقىنى، قۇملۇق تۈلكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۆچۈكبويا، ئالقات، سۇزاپ، چاكاندا قاتارلىقلار بار. يوپۇغا ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق تىپىدىكى ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، كۈن چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 66.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2276.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 232 كۈن.

يوپۇغا ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ «ئالتۇن دىبلتا» سىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيىنىڭ غول تاشيوللىرى ۋە ئۆلكە يولى 213-، 310-لىنىيىلىرى «Y» شەكىلدە پۈتۈن ناھىيىنى قاپلىغان، يوپۇغا ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتى ۋە مەدەنىيىتى ئۆزگىچە بولۇپ، «جوڭگودىكى قۇملۇق مەنزىرىسىنى ساياھەت قىلىش يۇرتى»، بۇ يەردە 1000 يىللىق توغراق پادىشاھى، 1000 يىللىق سۆگەت پادىشاھى ۋە ئىپتىدائىي توغراقلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە تۈمەن يىلدىمۇ قۇرۇپ كەتمەيدىغان داۋاكۆل سىرلىق كۆلى بار. بولۇپمۇ داۋاكۆل قۇملۇق مەنزىرىسى ساياھەت رايونى ئۆزىنىڭ بىپايان قۇملۇقى، زۇمرەتتەك دولقۇنلاپ تۇرغان كۆل سۈيى، قۇملۇق بىلەن كۆل تۇتىشىپ كەتكەن مەنزىرىسى بىلەن نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا.




1 : 300 000

# پەيزاۋات ناھىيىسى




203
202

**پەيزاۋات ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرق تەرىپى مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى يوپۇرغا ناھىيىسى بىلەن، غەرب تەرىپى قەشقەر يېڭىشەھەر، كوناشەھەر ناھىيىلىرى بىلەن، شىمال تەرىپى ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا 2 بازار، 11 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 6528 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 320 مىڭ.

پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ غەربى ئېگىز، شەرقى پەس، شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تاغلىق رايون، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى كۆكتېتىر قۇملۇقى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى تىنىما تۈزلەڭلىك. سۇ بايلىقىدىن قەشقەر دەرياسى، پەيزاۋات دەرياسى، شىكەر سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، مانگان، ھاك تاش، فلىيۇئورىت، بارىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ياۋا چوشقا، قۇملۇق تۈلكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، يەر مەدىكى قاتارلىقلار بار.

پەيزاۋات ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدۇ. كىلىماتى قۇرغاق، يامغۇر كەمچىل، پارغا ئايلىنىش كۈچلۈك. كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 64.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2051.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 215 كۈن.

پەيزاۋات ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «ئالتۇن دېلتا»غا جايلاشقان، قاتنىشى قۇلايلىق، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ناھىيە تەۋەسىنى توغرا كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە غول لىنىيىسى بولغان ئۆلكە يولى 213-، 311-لىنىيىلىرى «T» شەكىلدە ناھىيە تەۋەلىكىنىڭ ھەممە يېرىگە تۇتىشىدۇ ھەمدە دۆلەت يولى 314-، 315-لىنىيىلىرى بىلەن ئۇلىنىدۇ. پەيزاۋات ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، مەشھۇر «مېۋە-چېۋە ماكانى»، پەيزاۋات قوغۇنى، پەيزاۋات ئۆرۈكى ۋە پەيزاۋات قارا ئۆرۈكى بىلەن جاھانغا تونۇلغان.

بۇ ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ئۆزگىچە، تۇرمۇشىدا مىللىي پۇراق قويۇق. بۇ يەردە پايانسىز توغراققۇم چۆللۈكى ۋە كەڭ دائىرىلىك ئىپتىدائىي توغراقلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە زۇمرەتتەك سۇلىرى دولقۇنلاپ تۇرغان شىكەر تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى بار.

ئالتىمېتىر
-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

1 : 400 000
0 4 8 12 16 كىلومېتىر




## مارالبېشى ناھىيىسى

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان. شەرقى ئاۋات، قاراقاش ناھىيىلىرى بىلەن، جەنۇبى گۇما، مەكىت ناھىيىلىرى بىلەن، غەربى پەيزاۋات، يوپۇرغا، يەكەن ناھىيىلىرى بىلەن، شىمالى ئاتۇش شەھىرى، كەلپىن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن تۇمشۇق شەھىرى بىلەن كېسىشىدۇ. ئۇنىڭغا 4 بازار، 8 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 18360 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 380 مىڭ.

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى ئېگىز، شەرقىي جەنۇبى پەس بولۇپ، غەربىي شىمال قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، غەربىي جەنۇب قىسمى ۋە شەرقىي شىمال قىسمى تىنما تۈزلەڭلىك، شەرقىي جەنۇب قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن زەرەپشان دەرياسى، قەشقەر دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تۆمۈر، مىس، تىتان، قوغۇشۇن، ھېقىق، سۆسۈن كرىستال، ئالماس، تاشتۇز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، قارلىغاچسىمان لاچىن، قارىغۇجا، سۇرتۇرنا، تايغان بۇغا، سېرىق بۆركۈت قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا، سۇزاپ، جىغان قاتارلىقلار بار. مارالبېشى ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، يىللىق قۇرۇقلۇق تېپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.1°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 61.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2201.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 222 كۈن.

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي چوڭ دەرۋازىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ۋە ئۆلكە يولى 215-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن توققۇز ساراي خارابىسى، چوڭ تام خارابىسى، تۇمشۇق خارابىسى ۋە شاقۇ ئېپتىدائىي توغراقلىقى، ئاناركۆل سۇ ئامبىرى، سېرىقبۇيا چوڭ بازىرى قاتارلىقلار بار.




# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى



**تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى** پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، شەرقى يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى كەشمىر رايونى بىلەن، غەربى تاجىكىستان، ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالى ئاقتو ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيىگە 2 بازار، 11 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 52300 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 30 مىڭ.


تاشقورغان ناھىيىسى تاغلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، كوئىنلۇن تېغى، قارا قۇرۇم تېغى، ھىندى قۇش تېغى ۋە تەڭرىتېغىدىن ئىبارەت 4 چوڭ تاغ مۇشۇ ناھىيىدە قوشۇلۇپ غايەت زور «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» نى ھاسىل قىلغان. سۇ بايلىقىدىن زەرەپشان دەرياسى، تاشقورغان دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، تۆمۈر، كرىستال، مىس، مولىبدېن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، جەرەن، تاغ ئۆچكىسى، قوڭۇر ئېيىق، سېرىق بۇركۈت قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى، قانتېپەر، ئەڭلىكئوت، مەرزەنجۇش ئوتى، قورچاققول قاتارلىقلار بار. تاشقورغان سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 68.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2262.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 113 كۈن.

تاشقورغان ناھىيىسى دۆلىتىمىزنى جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىياغا تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك، جەنۇبى خونجىراپ پورتى ئارقىلىق پاكىستان بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربى قاراسۇ پورتى ئارقىلىق تاجىكىستان بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ ساياھەت بايلىقى ئۆزگىچە بولۇپ، ئاق قار بىلەن قاپلانغان «مۇزتاغ ئاتا» مۇزتاغ چوققىسى ۋە دۇنيا بويىچە 2-ئېگىز چوققا چوگىر چوققىسى، داڭلىق مەنزىرىلىك جاي قاراكۆل قاتارلىقلار بار، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن تاش قەلئە، قىز قورغان خارابىسى قاتارلىقلار بار.




1 : 1 000 000

# قەشقەر شەھەر رايونى





# خوتەن ۋىلايىتى




**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** خوتەن ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا. شەرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، جەنۇبى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربى قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن، شىمالى ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبى كەشمىر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىگە خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى ۋە نىيە ناھىيىسى قارايدۇ، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە خوتەن شەھىرىدە. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 1مىليون 743 مىڭ 800 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.

**تەبىئىي بايلىقى:** خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، غەربتىن شەرققە قىيپاش كەلگەن، جەنۇبى كۆپ چوققىلىق كوئېنلۇن تېغى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئالدى يانتۇلۇق بەلۋېغى، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن خوتەن دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، كېرىيە دەرياسى قاتارلىق چوڭ-كىچىك 36 دەرياسى بار. ھازىرغىچە بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، مىس، تۆمۈر، ماگنىي، ئالتۇن، ھاك تاش، قاشتاش قاتارلىق 60 خىلدىن ئارتۇقى بار، ئۇنىڭ ئىچىدە خوتەن قاشتېشى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا قوتاز، تىبەت قۇلىنى، تىبەت بۆكىنى، كۆكيامان، ئۇلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چوڭ سۇزاپ، تاغ لەيلىسى، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، يەر مەدىكى قاتارلىقلار بار. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايون مۆتىدىل بەلۋاغ ياكى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىقلىمىغا كىرىدۇ، بوستانلىق تۈزلەڭلىك رايونى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق چۆل-باياۋان ئىقلىمىغا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 51.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2504.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 236 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** خوتەن ۋىلايىتى تارىخى ئۇزۇن سۇغىرىش تېپىدىكى دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، ئەزەلدىن «ئاشلىق ئامبىرى»، «مېۋە-چېۋە ماكانى» دېگەن گۈزەل نامى بار. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان قاتارلىقلار بار. باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، كەڭ تارقالغان، ئۇنىڭ ئىچىدە قەغەز ياڭاق، ئۈجمە، ئاق ئۆرۈك قاتارلىقلار بىرقەدەر داڭلىق. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سانائەت تەرەققىياتى نىسبەتەن تېز بولۇپ، توك تارقىتىش، كۆمۈر قېزىش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يىپەك، گىلەم، توقۇمىچىلىق، قاشتېشى، ھاراق ئىچىتىش قاتارلىق تۈرلىرى بار. ئۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ھېقىق ئانىرى، سۈپەتلىك ئۈزۈم ۋە قۇملۇقتىكى ياۋا قىزىلگۈلدىن چىقىرىلىدىغان خوتەن ئانار ھارىقى ۋەكىللىكىدىكى يېشىل يېمەكلىك سانائىتى بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە. چارۋىچىلىقىدا قوي، كالا، ئات، ئېشەك بېقىلىدۇ، خوتەن يېرىم يېرىك يۇڭلۇق قويى ئاساس قىلىنىدۇ. يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئەتلەس، خوتەن قاشتېشى، خوتەن گىلىمى قاتارلىقلار بار.


**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولىنىڭ 315-، 219-لىنىيىلىرى پۈتۈن ۋىلايەتنى كېسىپ ئۆتىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدىكى پۇقرالار ئايرودرومىدا خوتەندىن ئۇچۇپ، ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ھاۋا يولى ئېچىلغان. خوتەن ۋىلايىتى قەدىمىي «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم تۈگۈنگە جايلاشقان بولۇپ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئاددىي-ساددا ئۆرپ-ئادىتى، ئۇزاق تارىخقا ئىگە مىللىي مەدەنىيىتى، ئۆزىگە خاس تەبىئىي مەنزىرىسى، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مول گۆھەر بايلىقى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە تەلپۈندۈرىدىغان جايغا ئايلاندۇرىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن نىيە خارابىسى، راۋاق بۇتخانا خارابىسى، ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، ئەندىر قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، ئۇلاچى قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلاردىن قۇملۇق تاشيولى، كوئېنلۇن تېغىدىكى سىرلىق مۇزلۇق، ئېگىز تاغدىكى كۆللەر، ئارىشاڭلار، ۋولقانلار توپى ۋە ئۇزۇن كەنكەن ئۈزۈم كارىدورى، يۈز يىللىق ئەنجۈر پادىشاھى، مىڭ يىللىق ياڭاق پادىشاھى قاتارلىقلار بار.

# خوتەن ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى




1 : 2 250 000

# خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى




1 : 2 250 000




**خوتەن شەھىرى** كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى لوپ ناھىيىسى بىلەن دەريا ئارقىلىق بۆلۈنۈپ تۇرىدۇ. جەنۇب، غەرب، شىمال تەرەپلىرى خوتەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. خوتەن شەھىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، تەۋەسىدە 4 كوچا باشقارمىسى، 1 بازار، 3 يېزا بار. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ شىمالىي ئۈرۈمچى يولىدا، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 154 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 184 مىڭ 500 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان.

خوتەن شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى بولۇپ، يۇرۇڭقاش دەرياسى تىنىما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان، يېرى بوستانلىق، يايلاق، ساي، قۇملۇق ۋە دەريا ساھىلىدىن تەركىب تاپقان. سۇ بايلىقىدىن يۇرۇڭقاش دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن نېفىت، كۆمۈر، ئالماس، ھېقىق ۋە باشقا كەم ئۇچرايدىغان مېتاللار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، جەرەن، ياۋا چوشقا، ياۋا تۆگە قاتارلىقلار بار. خوتەن شەھىرى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇملۇق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. كىلىماتى قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 36.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2723.7 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 230 كۈن.

خوتەن شەھىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاتناش مەركىزى، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى شەھەر تەۋەلىكىنى توغرا كېسىپ ئۆتىدۇ. غەربتە قەشقەر بىلەن، شەرقتە نىيە بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالدا قۇملۇقتىن ئۆتۈپ كورلا ئارقىلىق مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچى بىلەن تۇتىشىدۇ. خوتەن ئايرودرومى شىنجاڭدىكى 3 چوڭ خەلقئارا ئايرودرومنىڭ بىرى بولۇپ، ئاۋىئاتسىيە جەھەتتە قولايلىق شارائىتقا ئىگە. خوتەن شەھىرى قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىتىكى مۇھىم بازىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىمىلىكىگە ئىگە ساددا مىللىي ئۆرپ-ئادىتى، ئۆزگىچىلىكىگە ئىگە ناخشا-ئۇسسۇلى ۋە مىللىي پۇراقىغا ئىگە تائاملىرى بىلەن جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە مەشھۇر ساياھەت شەھىرىگە ئايلانغان. بۇ يەردە « ئىقلىمدىكى ئاجايىپ مەنزىرە » دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئۇزۇن كەتكەن ئۈزۈم كارىدورى، تۈرلۈك بايلىقلار ساقلانغان ۋىلايەتلىك مۇزېي ۋە قايناق خوتەن چوڭ بازىرى قاتارلىقلار بار.

1 : 75 000


0 0.75 1.50 2.25 3.00 كىلومېتىر

ئالتىمېتىر

-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

# خوتەن ناھىيىسى








**خوتەن ناھىيىسى** قارا قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. شەرقى خوتەن شەھىرى، لوپ ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبى كەشمىر رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربى گۇما ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى بىلەن دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. خوتەن ناھىيىسىگە 1 بازار، 11 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 41128 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 270 مىڭ.

خوتەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كوئېنلۇن تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى ئىككى دەريادىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىك. سۇ بايلىقىدىن قاراقاش دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى قاتارلىقلار بار. خوتەن ناھىيىسى دۇنيا بويىچە ئۈچ چوڭ قاشتېشى ماكانىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئاق قاشتېشى قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان قاشتاشلىرى چىقىدىغان جاي، ئۇنىڭدىن باشقا بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۆمۈر، چىرىمتال، ھاك تاش، بېرىللىي، لىتىي، نىئوبىي قاتارلىقلار بار بولۇپ، كەم ئۇچرايدىغان مېتاللار زاپىسى مول. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تىبەت بۆكىنى، كۆكيامان، جەرەن، ئارقار، ئۈلار، تۈلكە قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، ئالقات، يەرمەدىكى، سۇزاپ، قانتېپەر، قىزىل يوپۇرماقلىق ئەمەن قاتارلىقلار بار.


خوتەن ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، كۈن چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 34.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2602 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 224 كۈن.

خوتەن ناھىيىسى مېغىزى توق، ماي تەركىبى مول قەغەز ياڭاقى، يۇمشاق ھەم سۈزۈك قاشتېشى، نۇسخىسى ئاددىي ھەم ئۆزگىچە بولغان گىلىمى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. غەربتە قەشقەر بىلەن، شەرقتە نىيە بىلەن، شىمالدا قۇملۇقتىن ئۆتۈپ كورلا ئارقىلىق مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە تۇتىشىدۇ. خوتەن خەلقئارا ئايرودرومى مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىدە بولۇپ، ئاۋىئاتسىيە جەھەتتە قولايلىق شارائىتقا ئىگە. خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئۆزگىچە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى كۆپ بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بېرى كۆكلەپ تۇرغان مىڭ يىللىق ياڭاق دەرىخى پادىشاھى، يۈز يىللىق ئەنجۈر دەرىخى پادىشاھى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يوتقان شەھەر خارابىسى، مىلىكئاۋات قەدىمىي شەھەر خارابىسى قاتارلىقلار بار.

1 : 1 200 000    0 12 24 36 48 كىلومېتىر

ئالتىمېتىر -100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

# قاراقاش ناھىيىسى







**قاراقاش ناھىيىسى** كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەرقى لوپ ناھىيىسى، خوتەن ناھىيىسى بىلەن، غەربى گۇما ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىلىرى بىلەن، شىمالى ئاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قاراقاش ناھىيىسىگە 1 بازار، 15 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 25667 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 420 مىڭ.

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، جەنۇبىي قىسمى كوئېنلۇن تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تىنىما تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن قاراقاش دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، ئالماس، قاشتېشى، كۋارتس، هاك تاش، قوغۇشۇن قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن، گەجلەرنىڭ زاپىسى بىر قەدەر كۆپ، تارقىلىشمۇ بىر قەدەر كەڭ، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسىمۇ ئىنتايىن مول. ياۋايى هايۋانلاردىن جەرەن، ئېيىق، ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن سۇژاپ، چۇچۇكبۇيا، سېرىق يوگەي، پاقا يوپۇرماق ئوت، زاراڭزا قاتارلىقلار بار.

قاراقاش ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، قۇياش نۇرى تولۇق چۈشىدۇ، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل-يېغىن مىقدارى 36.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1960.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 219 كۈن.

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. غەربى قەشقەر بىلەن، شەرقى خوتەن بىلەن تۇتىشىدۇ، خوتەن خەلقئارا ئايرودرومى بىلەن دەريا ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرغاچقا ئاۋىئاتسىيە قولايلىقلىقىغا ئىگە. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، غەربتە چۆلدىكى تۆگە كارۋىنى بولسا، شەرقتە يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان قاراقاش دەرياسى بار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىڭ يىللىق فرانسىيە چىنارىنى مەركەز قىلغان سىرلىق دەرەخزارلىقى، تارىخنى ۋە هازىرقى ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بېرىدىغان ساھلىق بەگلىك قورۇقى، تاڭ دەۋرىدە قۇرۇلغان مازار تاغ قەدىمىي قەلئەسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار.








**گۇما ناھىيىسى** تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقى خوتەن، قارىقاش ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى كەشمىر بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، شىمالى مەكىت، مارالبېشى ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. تەۋەلىكىدە 2 بازار، 13 يېزا بار. ئومۇمىي يەر مەيدانى 39412 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 220 مىڭ.

گۇما ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى قاراقۇرۇم تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى جىلغىلىقى ۋە تىنما تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن تاغ ئېرىقچىسى شەكىللىك بەش دەريا ئېقىنى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقىدىن كۆمۈر، گۈڭگۈرت، چىرىمتال، قاشتېشى، مانگان، فوسفور، مىس، گەج، ھاك تاش قاتارلىقلار بار، دۇنياغا مەشھۇر بولغان تارىم نېفىتلىكى بىرلەشمە جېگى ئەڭ دەسلەپ مۇشۇ يەردىن باشلانغان. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا چوشقا، ئۇلار، تاغ ئۆچكىسى، كۆكيامان، كىرپە، تىبەت تۈلكىسى، قارنا قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۇزاپ، داگگۈي، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا، تاغ لەيلىسى، زاراگزا، يەرمەدىكى قاتارلىقلار بار.

گۇما ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، تۆت پەسلى ئېنىق، كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.1℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 49.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2493.4 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 219 كۈن.

گۇما ناھىيىسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ غەربىي چوڭ دەرۋازىسى بولۇپ، قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، غەربى قەشقەر بىلەن، شەرقى خوتەن بىلەن تۇتىشىدۇ.


گۇما ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ئۆزگىچە، قۇملۇق، بوستانلىق، ئېدىرلىق، چوققىلار تەرتىپلىك جايلاشقان بولۇپ، «بىر كۈندە ئوخشىمىغان پەسىل بولۇش» تەك تەبىئىي مەنزىرە شەكىللەنگەن. ساياھەت مەنزىرىلىرىدىن گۇما چوڭ مەسچىتى، پومېشچىك تۇردى ھاجى قورۇقى، سانجۇ قىيا تاش سىزمىسى، ياغاچئۆيلۈك قەدىمىي شەھىرى، كەگەز دەرياسى قاتارلىقلار بار.

ئالتىمېتىر

-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

1 : 1 000 000

0 10 20 30 40 كىلومېتىر










**لوپ ناھىيىسى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقى چىرا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى ۋە غەربى خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى بىلەن دەريا ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ، شىمالى ئاقسۇ شەھىرى، ئاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. لوپ ناھىيىسىگە 2 بازار، 8 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14264 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 240 مىڭ.

لوپ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كۇئېنلۇن تېغى ۋە تاغ ئېتىكىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن يۇرۇڭقاش دەرياسى، ئاچچىق دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، ھاك تاش، قىزىل قۇمتاش، گەج، ئوتقا چىداملىق توپا، سۇرمە تاش، تاشپاختا، گۈڭگۈرت، كۋارتس، قاشتېشى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا ئېشەك، بۆرە، تۈلكە، سۇغۇر، ياۋا توشقان، ئىپار چاشقان، بۇغا، جەرەن، ياۋا چوشقا، مادا، ھاڭگىت، تاغ كەكلىكى، ئۆلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قانتېپەر، كەتىرە، قوچاق قول، بىنەپشە، قىزىل يوپۇرماقلىق ئەمەن قاتارلىقلار بار.

لوپ ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قۇياش ئېنېرگىيىسى ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى مول. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 35.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2312.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 201 كۈن.

لوپ ناھىيىسى قەدىمىي نۇسخىدىكى گىلەملىرى، چوغدەك گۈزەل ئەتلەسلىرى، يىپەكلىك ۋە سۈزۈك خوتەن قاشتېشى ۋە نەسىللىك خوتەن قويى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. شەرقى نىيە ناھىيىسى بىلەن، غەربى خوتەن بىلەن تۇتىشىدۇ، خوتەن خەلقئارا ئايرودرومى بىلەن دەريا ئارقىلىق تۇتاشقاچقا ئاۋىئاتسىيە قاتنىشىمۇ قولايلىق. بۇ ناھىيىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتى ئادىي، مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرى قەدىمىيلىككە ئىگە ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بۇ يەردە ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرى، راۋاق بۇددا بۇتخانىسى خارابىسى، سامبۇل قەدىمىي قەلئە قەبرىستانلىقى بولغانىدىن باشقا يەنە ياڭاق دەرىخى شاھى، ئەنجۈر دەرىخى شاھى، ئۈژۈم تېكى شاھى قاتارلىقلار بار.

# چىرا ناھىيىسى









**چىرا ناھىيىسى** كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى كېرىيە ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربى لوپ ناھىيىسى، خوتەن ناھىيىسى بىلەن، شىمالى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئاقسۇ شەھىرى، شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. چىرا ناھىيىسىگە 1 بازار، 7 يېزا قارايدۇ. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چىرا بازىرىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 31590 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 135 مىڭ 400 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كوئېنلۇن تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى قۇملۇق ۋە تىنىما تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن چىرا دەرياسى، چاقا دەرياسى، ئۇلۇغساي دەرياسى، سايباغ دەرياسى، بۇزاڭ دەرياسى، قاراسۇ دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر رودىسى، قاشتېشى، ھاك تاش، چىرىمتال، تاشپاختا، گەج، گۆگگۈرت، تۇز، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، تۈلكە، سۇغۇر، بۆرە، ياۋا چوشقا، ياۋا توشقان، ئۈلار، غىچىر سالۋا، ياۋا غاز قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن تاغ لەيلىسى، چاكاندا، قىزىقىز، چۈچۈكبۇيا، سۇزاپ، زاراڭزا، ئالقات، يەرمەدىكى قاتارلىقلار بار. چىرا ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا كىرىدۇ. كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن. كېچە ـ كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.2°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 35.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2751.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 235 كۈن.

چىرا ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولى 315 ـ لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى توغرا كېسىپ ئۆتىدۇ، غەربى خوتەنگە، شەرقى نىيىگە تۇتىشىدۇ. چىرا ناھىيىسىدە تەبىئىي مەنزىرە بىلەن ئانتروپولوگىيىلىك مەنزىرە بىرگەۋدە قىلىنغان بولۇپ، ھەيۋەتلىك ھاشى، ھاسا قېرىنداش قەلئەلىرى، سىرلىق دامىكۇ بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى ۋە مىڭ يىللىق قەدىمىي دەرەخ قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوت ـ چۆپلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان، چارۋىلار ئوتلاپ يۈرگەن يامان، بىلەڭگەر تەبىئىي ئوتلاقلىرى ۋە قۇملۇق باغچىسى بار.







**كېرىيە ناھىيىسى** تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقى نىيە ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربى چىرا ناھىيىسى بىلەن، شىمالى شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. كېرىيە ناھىيىسىگە 2 بازار، 13 يېزا قارايدۇ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مۇغاللا بازىرىدا، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 39023 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 221 مىڭ 500، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، جەنۇبىي قىسمى كوئېنلۇن تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى تىنىما تۈزلەڭلىكى، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن كېرىيە دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ماگنىت، كېپەك ئالتۇن، تۇز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، تىبەت بۆكىنى، ياۋا قوتاز قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا، سۇزاپ، قاتارلىقلار بار. كېرىيە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدۇ، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 47.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2408.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 198 كۈن.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولى 315 ـ لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، غەربى خوتەن بىلەن، شەرقى نىيە بىلەن تۇتىشىدۇ.


كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئۈچۈن قۇملۇق مەنزىرىسى، جەنۇبىتا تاغقا ياماشقۇچىلار ئۈچۈن كوئېنلۇن تېغى بار بولۇپ، جۇڭگودىكى ئېكسپېدىتسىيىلىك ساياھەت ماكانى ھېسابلىنىدۇ. «دۇنيا قۇملۇق مەنزىرىسىدىكى ئەڭ» دەپ ئاتالغان دەريا بويىنىڭ «ئۆلۈم دېڭىزى» دەك ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قۇملۇقتىكى بوستانلىقتەك ئاجايىپ مەنزىرە ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئەۋزەللىكى بار. ھەيۋەتلىك كوئېنلۇن تېغىدا ئېگىزلىكتىكى كۆل، مۇزلۇق، يانار تاغلار، ئارشاڭلارنىڭ تەبىئىي ھالىتىدىن ھۇزۇرلىنىپلا قالماي يەنە ئېگىزلىكتىكى كەنت، مەھەللىلەردە ساددا، ئەنئەنىۋى تۇرمۇشتىن بەھرى ئالغىلى بولىدۇ. قەدىمىي قارا دۆڭ خارابىلىقى، چەكسىز قەدىمىي «يىپەك يولى» كىشلەرنىڭ قەدىمىيلىكنى زىيارەت قىلىدىغان ماكانىغا ئايلانماقتا.

ئالتىمېتىر
مېتىر -100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000

1 : 1 200 000
0 12 24 36 48 كىلومېتىر

# نىيە ناھىيىسى







**نىيە ناھىيىسى** كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربىي كېرىيە ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نىيە ناھىيىسىگە 1 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 56726 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 30 مىڭ.


نىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كوئېنلۇن تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تىنما تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن نىيە دەرياسى، ياۋا توڭگۇز دەرياسى، ئەندىر دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كېپەك ئالتۇن، كۆمۈش، كۆمۈر، تاشپاختا، نىكېل، نېفىت، چىرىمتال، قاشتېشى، ئىسلانىدىيە تېشى، گەج، ھاك تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا قوتاز، ياۋا تۆگە، تىبەت ياۋا ئېشىكى، تىبەت بۆكىنى، يىلپىز، ئالتۇن ياللىق مايمۇن، سۇغۇر، ئۇلار، ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۇزاپ، چوچۇكبۇيا، چاكاندا، كەتىرە قاتارلىقلار بار.

نىيە ناھىيىسىنىڭ تۆت پەسلى ئېنىق، كۈن نۇرى يېتەرلىك، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قىروسىز مەزگىلى ئۇزاق بولۇپ، ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 38.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2862.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 201 كۈن.

نىيە ناھىيىسى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرگەن ناھىيە، شۇنداقلا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي چوڭ دەرۋازىسى بولۇپ، قاتنىشى قۇلايلىق، دۆلەت يولى 315 - لىنىيىسى بىلەن قۇملۇق تاشيولى مۇشۇ يەردە تۇتىشىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ غەربىي خوتەن بىلەن، شەرقىي چاقىلىق ئارقىلىق چىڭخەي بىلەن، شىمالىي قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە بارىدىغان قاتناش تۈگۈنى بىلەن تۇتىشىدۇ. نىيە ناھىيىسىدە قەدىمىي ئۆرپ-ئادەتلەر ساقلانغان بولۇپ، مەنزىرىلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. جۇڭگوغا ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر بولغان نىيە خارابىسى، ئەندىر قەدىمىي شەھىرى، ئاققوچقار قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قۇملۇق ئالاھىدە مەنزىرىسى نېفىت تاشيولى ۋە ئىنسانىيەت مۆجىزىسى 18 - ئاۋغۇست سۇ قۇرۇلۇشى، قۇملۇقتىكى سىرلىق كەنت ياۋا توڭگۇز كەنتى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گۈزەل بىلىق كۆلى، سازلىق مەنزىرىسى ۋە تۆت قەدىمىي دەرەخ قاتارلىقلار بار.

ئالتىمېتىر: -100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

1 : 1 200 000 — 0 12 24 36 48 كىلومېتىر



# ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى


**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبى ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرى بىلەن، غەربى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي شىمالى قازاقىستان بىلەن، شىمالى روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئەتراپتىن قاراماي شەھىرىنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايىتى قارايدۇ ھەمدە غۇلجا شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى، كۈنەس ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى، تېكەس ناھىيىسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ۋە چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى بىۋاسىتە قارايدۇ، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھىرىدە. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 4 مىليون 83 مىڭ 300 بولۇپ، ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق نوپۇس 2 مىليون 517 مىڭ 300. ئاساسلىقى قازاق، خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.

**تەبىئىي بايلىقى:** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تاغلار بىلەن ئورالغان، ئويمانلىقى كەڭ، ئوتلاقلىرى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن، مۇنبەت دالا پايانسىز كەتكەن بولۇپ، جەنۇبىي قىسمىدا ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ، شىمالىدا ئېگىز كەتكەن ئالتاي تېغى بار، ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. سۇ بايلىقىدىن ئىلى دەرياسى، قاش دەرياسى، كۈنەس دەرياسى، تېكەس دەرياسى قاتارلىقلار بار. ھازىرغىچە بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، مىس، ئاق چىرىمتال، كالىي شىپاتى، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ئوبلاست تەۋەسىدە شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئالتۇن كېنى — ئاچ ئالتۇن كېنى، مەملىكەت بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ مىس كېنى — ئاشىلى مىس كېنى بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، قوڭۇر ئېيىق، بۇغا، بۆكەن، سۇ بۇلغۇنى، ئىلى قارا ھەسەل ھەرىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا، ئەنجۇدان، چۇغلۇق، سېرىقچاي قاتارلىقلار بار. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كىلىماتىدا پەرق بىر قەدەر زور بولۇپ، ئىلى دەريا ۋادىسى مۆتىدىل بەلۋاغ سۇب قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى -0.2℃ ~ 9.1℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 200~300 مىللىمېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1200~2300 مىللىمېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 103~191 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭدىكى ئاشلىق، ياغلىق دان، گۆش، شېكەر تەمىنات بازىسى. ئالتۇن، مىس، نىكېل قاتارلىق رەڭلىك مېتاللار ۋە كەم ئۇچرايدىغان مېتاللار ھەمدە ياقۇت قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار مەملىكەت بويىچە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. سانائىتى ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، كان مەھسۇلاتلىرى خام ئەشيا قىلىنغان پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، توقۇمىچىلىق، كۆن-خۇرۇم، سۈت مەھسۇلاتلىرى، قەنت ئىشلەپچىقىرىش، كۆمۈر، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، چويۇن ئېرىتىش، ئالتۇن، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېمەكلىك، تاماكا قاتارلىق 50 خىل كەسىپ بار، تۆرى تولۇق ھەمدە بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە، شىخۇ پىۋىسى، «سىفاڭ» قەنتچىلىكى قاتارلىق بىر تۈركۈم داڭدار كۇرسلۇق مەھسۇلاتلار ۋە كارخانىلار شەكىللەنگەن. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال قاتارلىقلار بار. چارۋىچىلىقى ئوتلاق باقمىچىلىقىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى، ئىلى ئېتى، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى ۋە جۇڭگو مېرىنوس قويىنى يېتىشتۈرىدىغان ئاساسلىق بازا.


**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چېگرا بويىدا قورغاس، دولات، مۇزارت قاتارلىق دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتتىن توققۇزى بولۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا كىرىشتىكى تۈگۈن ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت يولى 218-لىنىيىسى پۈتۈن ئوبلاست تەۋەلىكىنى كېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە دۆلەت يولى 217-لىنىيىسى ۋە ئۆلكە يولى 316-لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىلى ئوتلاقنى مۇھىم ئالاھىدىلىك قىلغان گۈزەل ساياھەت رايونى بولۇپ، چاشى، تاڭبالى، نارات قاتارلىق جايلار ئوتلاق خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان داڭلىق ساياھەت رايونلىرى ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن شات قەدىمي شەھىرى، بوزدۆڭ ئۇسۇن قەدىمي شەھىرى، گېدېڭ ئابىدىسى ۋە ئوتلاق قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بار.






# ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى




قازاقىستان
قىرغىزىستان
تەڭرىتاغ
تارباغاتاي
ۋىلايىتى
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى
كۈنەس
تېكەس ناھىيىسى
بورتالا



1 : 1 200 000






1 : 1 200 000


0 12 24 36 48 كىلومېتىر

# غۇلجا شەھىرى


**غۇلجا شەھىرى** ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، جەنۇبى ئىلى دەرياسىغا يېقىن، شىمالى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي تارماق تىزمىسى كۆكۈرچىن تېغىغا تۇتىشىدۇ. شەرقى غۇلجا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، غەربىي شىمالى قورغاس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غۇلجا شەھىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 8 كوچا باشقارمىسى، 1 بازار، 6 يېزا بار، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ ئازادلىق يولىغا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 675 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 373 مىڭ 100 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.


غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، شىمالىي قىسمى كۆكۈرچىن تېغى، جەنۇبىي قىسمى ئىلى دەرياسى ئېقىن تىنىما تۈزلەڭلىك بولۇپ، يېرى مۇنبەت، سۇ مەنبەسى يېتەرلىك، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىشقا باب كېلىدۇ، «غەربىي دىياردىكى گۈزەل ماكان» ۋە «غەربىي دىياردىكى مەرۋايىت» دېگەن گۈزەل نامى بار. سۇ بايلىقىدىن ئىلى دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىسى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، مىس، ئوتقا چىداملىق سېغىز توپا قاتارلىقلار بار. غۇلجا شەھىرىنىڭ ھاۋاسى يېقىشلىق، مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.0℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 268.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1571.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 141 كۈن.

غۇلجا شەھىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قاتناش مەركىزى، دۆلەت تاشيولى 218 - لىنىيىسى شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ، شەرقتە دۆلەت تاشيولى 217 - لىنىيىسى بىلەن، غەربتە دۆلەت تاشيولى 312 - لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غۇلجا ئايرودرومىدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان قەرەللىك ئايروپىلان بار. غۇلجا شەھىرىنىڭ «باغچە شەھەر» دېگەن گۈزەل نامى بولۇپ، گۈزەل تەبىئىي مۇھىتى، ئۆزگىچە ئانتروپولوگىيىلىك مەنزىرىسى كىشى قەلبىنى تەلپۈندۈرىدۇ. شەھەر كوچىلىرى چاچما شەكىلدە جايلاشقان بولۇپ، ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلار پۈتۈن شەھەرگە تارقالغان. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلاردىن ئىلى دەرياسى ساياھەت مەنزىرە رايونى، ئىلى دەرياسى مىللىي مەدەنىيەت كەنتى، ئالمۇتا مىللىي ئۆرپ - ئادەت گۈلزارى، ئوت ئەجدىھا ئۆڭكۈرى قاتارلىقلار بار.




1 : 150 000





**كۈيتۇن شەھىرى** تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب چېتىگە جايلاشقان. شەرقى ساۋەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى مايتاغ رايونى بىلەن، غەربى شىخۇ شەھىرى بىلەن، شىمالى قاراماي رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. كۈيتۇن شەھىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەر بولۇپ، قارمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى، 1يېزا بار، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ ئىتتىپاق مەيدانىغا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1171 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 295 مىڭ 500 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر بار.

كۈيتۇن شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ بىرئاز يانتۇ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتېغىنىڭ پۆرمە بەلۋېغى، كۆپ قىسمى چۆل-جەزىرە، شىمالىي قىسمىنىڭ كۆپ جايلىرى كۆل-سازلىق. سۇ بايلىقلىرىدىن كۈيتۇن دەرياسى، چۆەنگو سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن سېغىز تۇپا، قۇم تاش، كېپەك ئالتۇن قاتارلىقلار بار. كۈيتۇن شەھىرى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، تۆت پەسىل ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 183.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1747.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 182 كۈن.

كۈيتۇن شەھىرى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ چوڭ ماددىي ئەشيا يۆتكەش-تارقىتىش ئورنى ۋە قاتناش-ترانسپورت تۈگۈنى، دۆلەت تاشيولى 312-لىنىيىسى ۋە 217-لىنىيىسى بۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ، ئۈرۈمچى-كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى بىلەن كۈيتۇن-سايرام يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى بۇ يەردە تۇتىشىدۇ. كۈيتۇن شەھىرى ئەزەلدىن «چۆلدىكى مەرۋايىت» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.

-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر ئالتىمېتىر

1 : 300 000


0 3 6 9 12 كىلومېتىر

# غۇلجا ناھىيىسى

**غۇلجا ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى نىلقا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى بىلەن دەريا ئارقىلىق قارىشىپ تۇرىدۇ، غەربى غۇلجا شەھىرى، قورغاس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى بورتالا شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غۇلجا ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 2 بازار، 18 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 4585 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 400 مىڭ.

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، شىمالىي قىسمى كۆكۈرچىن تېغى، ئوتتۇرا قىسمى دۆڭلۈك، جەنۇبىي قىسمى ئىلى دەرياسىنىڭ ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقلىرىدىن قاش دەرياسى، بورسۇن دەرياسى، بۆلۈكەي دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، مىس، ئاليۇمىن، كۋارتس تاش، گاۋلىڭ تېشى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ تېكىسى، جەرەن، تايغان بۆغا، قوڭۇر ئېيىق، ئاق قۇ، ئۈلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن توشقانقۇلاق، بۇۋانە، قىرىق بوغۇم، چاكاندا، قىزىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئەنجۈدان قاتارلىقلار بار. غۇلجا ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق يېرىم قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، كىلىماتى يېقىشلىق، تۆت پەسلى ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 350.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1510.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 161 كۈن.

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق، دۆلەت تاشيولى 218 ـ لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە ئۆلكە تاشيولى 220 ـ، 314 ـ، 315 ـ لىنىيىلىرى بىلەن تېز قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرگەن. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن ئىلى دەرياسى لىيەنشىنداۋ ئورمان باغچىسى، ئاۋزانساي ئورمان باغچىسى، ئاقتاش شارقىراتمىسى، ھىلال ئاي شەھىرى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسى قاتارلىقلار بار. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزنالىرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھىلال ئاي شەھىرى، خۇەيشۈن شەھىرى خارابىسى ۋە قەدىمكى ئىنسانلار خارابىسى قاتارلىقلار بار.





1 : 350 000

## چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى

تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەرقى توققۇزتارا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى تېكەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالى غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قارىمىقىدا 2 بازار، 11 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 4482 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 160 مىڭ.

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، جەنۇبىي قىسمى تاغلىق، ئېدىرلىق، شىمالىي قىسمى ئىلى دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن ئىلى دەرياسى، چاپچال دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئۇران، ھاك تاش، كېپەك ئالتۇن، چىنە تۇپىسى، ھېقىق قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تايغان بۇغا، جەرەن، ياۋا چوشقا، ئۇلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، ئەڭلىك ئوت، چۈچۈكبۇيا، رەۋەن، كىرەش، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ سۇب قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، كىلىماتى بىرقەدەر ئىللىق ۋە نەم، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 221.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1549.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 159 كۈن.

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، تەۋەسىدە دولات دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى بولۇپ، قازاقىستان بىلەن سودا-سېتىقنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم قانال. چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى دۆلەت مىللىي ئۆرپ-ئادەت ساياھەت مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە «ئىلى دەرياسى مەدەنىيىتى» ۋە «شىبە مىللىي ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتى» دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىبىسل ساياھەت ماركىسىنى شەكىللەندۈرگەن، چوڭ بوغرا ئورمان باغچىسى، ئەۋلىيا چوققىسى مەنزىرە رايونى، شىبە مىللىي مەنزىرە باغچىسى، چىگيۈەن ئىبادەتخانىسى، كۈمۈش چوققا ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار بار.





1 : 350 000




**قورغاس ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي بۆلىكى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالى بورتالا شەھىرى، ئارشاڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قورغاس ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 5 بازار، 5 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 5439 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 350 مىڭ.

قورغاس ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، غەربىي شىمالىدا بېگجىنتاۋ تېغى، شەرقىي شىمالىدا كۆكۆرچىن تېغى بار، ئوتتۇرا قىسمى سىبرىق تۇپىلىق بارخان، جەنۇبىي قىسمى ئىلى دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، غەربىي جەنۇب قىسمى قۇملۇق رايونى. سۇ بايلىقلىرىدىن ئىلى دەرياسى، قورغاس دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىلىرى بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، هاك تاش، گەج، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، گرانىت، مەرمەر تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى هايۋانلاردىن تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، تايغان بۇغا، قىرغاۋۇل، قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، قۇندۇز قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، قىزىل چۇغلۇق، بۇدۇشقاق، سوغىگۈل قاتارلىقلار بار. قورغاس ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ يېرىم قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 235.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1473.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 163 كۈن.

قورغاس ناھىيىسى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي ئىشىكى، دۆلەت تاشيولىنىڭ 312 ـ، 218 ـ لىنىيىسى بۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ. تەۋەسىدە غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان قورغاس دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك پورتى بار، ئۇ قازاقىستان بىلەن سودا ـ سېتىقنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم قانال. قورغاس ناھىيىسىدە گوزىڭگۇ ئورمان باغچىسى، مەنزىرىسى گۈزەل بولغان داشىگۇ ئىبادەتخانىسى، مەنزىرىسى كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئىلى دەرياسى ۋادىسى، يەنە ئىلى گېنېرال مەھكىمىسى، كۆرە قوڭغۇراق راۋىقى قاتارلىق يادىكارلىقلار بار.




1 : 400 000






**توققۇزتارا ناھىيىسى** ئىلى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، ئىلى دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي يېنىغا جايلاشقان. شەرقىي جەنۇبى خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى تېكەس ناھىيىسى بىلەن، غەربى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، شىمالى غۇلجا ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي شىمالى كۈنەس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 1 بازار، 7 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 4119 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 160 مىڭ.

توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى سۇ ئوراپ تۇرىدۇ، بىر تەرىپى تاغقا يانداش، يەر تۈزۈلۈشى شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قاراپ قىيپاش، شەرقىي جەنۇب قىسمى نارات تاغلىق رايونى، غەربىي شىمال قىسمى ئىلى دەريا ۋادىسى تۈزلەڭلىكى، تاغلىق رايون بىلەن تۈزلەڭلىكنىڭ ئەڭ تار بولغان جايلىرى پەقەت 6 كىلومېتىر كېلىدۇ. يايلاقلىرى كەڭ، يېرى مۇنبەت، سۇ بايلىقى مول، ئىسسىقلىق يېتەرلىك بولۇشتەك ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە. سۇ بايلىقلىرىدىن جىرغىلاڭ دەرياسى، تېكەس دەرياسى، ئىلى دەرياسى قاتارلىق دەريالار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ھاك تاش، تاشپاختا، ئالتۇن، بېرىل، بارىت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ تېكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، قار لەيلىسى، مېھرىگىياھ قاتارلىقلار بار.


توققۇزتارا ناھىيىسى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق تېپىدىكى يېرىم قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.9°C، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 275.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1401.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 148 كۈن.

توققۇزتارا ناھىيىسى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى شەرقىي بەش ناھىيىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، ئۆلكە تاشيولى 316-لىنىيىسى شەرقتىن غەربكە قاراپ توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۆلكە تاشيولى 220-لىنىيىسى جەنۇب-شىمالنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، توققۇزتارا ناھىيىسىنى ئىلى ئوبلاستىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قاتناشتا جەزمەن ئۆتىدىغان يەرگە ئايلاندۇرغان. توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ تاغلىرى ھەيۋەتلىك، مەنزىرىسى گۈزەل، ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول، ھەممىگە مەشھۇر غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، كۆلدېنىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، كەڭ ۋە گۈزەل چاشى ئورمان باغچىسى، تارىم جىرغىلاڭ مەنزىرە رايونى، مەنزىرىسى گۈزەل بولغان چوڭ ۋە كىچىك موخۇر مەنزىرە رايونى بار.

1 : 400 000 — 0 4 8 12 16 كىلومېتىر

ئالتىمېتىر: -100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

# كۇنەس ناھيەسى







**كۇنەس ناھيەسى** ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان. شەرقىي جەنۇبى خېجىڭ ناھيەسى بىلەن، غەربىي جەنۇبى توققۇزتارا ناھيەسى بىلەن، شىمالى نىلقا ناھيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ. كۇنەس ناھيەسىنىڭ قارىمىقىدا 5 بازار، 4 يېزا بار، پۈتۈن ناھيىنىڭ يەر مەيدانى 7581 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 290 مىڭ.

كۇنەس ناھيەسىنىڭ شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپلىرىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرا قىسمى كۇنەس دەرياسى ۋادىسى تۈزلەڭلىكى بولۇپ، شەرقتىن غەربكە قىيسايغان. كۇنەس شىنجاڭدىكى داڭلىق ھاراق يۇرتى، شىكەر شەھىرى، كەندىر ناھيەسى، پۇرچاق مەركىزى، دورا شەھىرى بولۇپ، سانائەت، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا باب كېلىدىغان ياخشى جاي، «غەربىي دىياردىكى گۈزەل ماكان» دەيدىغان گۈزەل نامى بار.

سۇ بايلىقلىرىدىن كۇنەس دەرياسى، چاپ دەرياسى ۋە چوڭ جىرغىلاڭ دەرياسى قاتارلىق دەريا-ئېقىنلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، كۆمۈر، ئالتۇن، مىس، گرانىت، مەرمەر تاش، سىگىرتاش، مانگان، كۋارتس، مۇز تېشى، ئېغىر كرىستال تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ تېكىسى، قوڭۇر ئېيىق، قۇر، تايغان بۇغا، ياۋا چوشقا قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قار لەيلىسى،

سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. كۇنەس ناھيەسى مۆتىدىل بەلۋاغ سۇب قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.9°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 497.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1354.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 149 كۈن.

كۇنەس ناھيەسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق، دۆلەت تاشيولى 217-، 218-لىنىيىسى بىلەن ئۆلكە تاشيولى 316-لىنىيىسى «ئىككىسى ئۆزۈنىسىغا، بىرى توغرىسىغا» بولۇشتەك قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرگەن. يېقىندا دۆلەت ناراتتا ساياھەت تارماق لىنىيە ئايرودرومىنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

كۇنەس ناھيەسى تاغ-دەريا يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن نارات داڭلىق مەنزىرە رايونى، نارات دۆلەت ئورمان باغچىسى، ياۋا مېۋىزارلىق مەنزىرە رايونى، ئارشان مەنزىرە رايونى، ناز-چۈلۈت چىملىق تۈرىدىكى ئوتلۇق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، چاپ دەرياسى ئوتلاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە نارات داڭلىق مەنزىرە رايونى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى بىرىنچى 3A دەرىجىلىك ساياھەت رايونى، شۇنداقلا دۇنيادىكى تۆت چوڭ ئېگىز تاغ دەرياسى ۋادىسىدىكى ئوتلاقلاردىن بىرى.

ئالتىمېتىر

-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

1 : 650 000

0 6.5 13.0 19.5 26.0 كىلومېتىر

# موڭغۇلكۈره ناهىيىسى




## موڭغۇلكۈره ناهىيىسى

تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تېكەس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. شەرقى تېكەس ناهىيىسى بىلەن، جەنۇبى باي ناهىيىسى، ئونسۇ ناهىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناهىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. موڭغۇلكۈره ناهىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 1 بازار، 9 يېزا بار، پۈتۈن ناهىيىنىڭ يەر مەيدانى 10455 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىڭ.

موڭغۇلكۈره ناهىيىسىنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى شەرق تەرەپكە قاراپ قىيسايغان تېكەس-موڭغۇلكۈره ئويمانلىقىدىن ئىبارەت. سۇ بايلىقلىرىدىن ئاساسلىقى تېكەس دەرياسى، مۇزارت دەرياسى قاتارلىق دەريا ۋە بۇلاق-ئېقىنلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن، چىرىمتال، گەج، ياقۇت قاتارلىقلار بار. ياۋايى هايۋانلاردىن بۆركۈت، قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، سۇغۇر، جەرەن، تاغ تېكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، چاكاندا، پەربۇن، ئالقات، قار لەيلىسى، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، ئەمەن قاتارلىق 59 خىلى بار. موڭغۇلكۈره ناهىيىسى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ سۇب قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 492.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1245.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 96 كۈن.

موڭغۇلكۈره ناهىيىسى تاشيول قاتنىشىنى ئاساس قىلىدۇ، تەۋەسىدە مۇزارت دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى بار. موڭغۇلكۈره ناهىيىسى ساياهەت بايلىقى جەهەتتە ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شات قەدىمىي يولى، شات قەدىمىي شەهىرى، بوما قەدىمىي شەهەر خارابىسى، موڭغۇل شەهەرچىسى، تىبەت بۇددا دىنى مۇقەددەس جايى شىڭيومياۋ ئىبادەتخانىسى، تىنچ جۇڭغارلى ئويما تاش ئابىدىسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىزنالىرى ۋە مەنزىرىسى ئۆزگىچە بولغان بالاقسۇ يايلىقى، شات ئارىشىڭى، كۆردىك سۇ پەردە غارى، مۇزارت مۇزلۇقى، ئوتلاق تاش ئادىمى قاتارلىقلار بار.




# تېكەس ناھىيىسى


**تېكەس ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى، موڭغۇلكۈرە-تېكەس ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان. شەرقىي شىمالى توققۇزتارا ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبى خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى باي ناھىيىسى بىلەن، غەربى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن، غەربىي شىمالى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيىنىڭ قارىمىقىدا 1 بازار، 7 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 8067 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىڭ.


تېكەس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، جەنۇبىي قىسمى ئوتتۇرا تەڭرىتېغى، شىمالىي قىسمى ئۇسۇن تېغى، ئوتتۇرا قىسمى تېكەس دەرياسى ۋادىسىدىن ئىبارەت. سۇ بايلىقلىرىدىن تېكەس دەرياسى، كۆكسۇ دەرياسى، قۇرىلداي دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، مىس، نىكېل، ھاك تاش، سېرپېنتىن، تاشپاختا قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تايغان بۇغا، جۇر، قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، تۈلكە، قىزىل لاچىن، قىليورغا، جاغالماي قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، قانتېپەر، پەربۇن، گۈلسامساق، كىرەش، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. تېكەس ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ سۇب قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 383.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1370.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 132 كۈن.

تېكەس ناھىيىسى تاشيول قاتنىشىنى ئاساس قىلىدۇ. تېكەس ناھىيىسى ئېلىمىزدىكى بىردىنبىر مۇكەممەل ساقلانغان ھەم قۇرۇلۇشلىرى مۇنتىزىم بولغان «سەككىز سىمۋوللۇق رەم شەكلىدىكى شەھەر»، ئۇ ئۆزگىچە سەككىز سىمۋوللۇق قۇرۇلۇشلىرى ۋە مول ھەم چوڭقۇر مەنىلىك سەككىز سىمۋوللۇق پالنامە مەدەنىيتى بىلەن دۇنياغا داڭلىق، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەت مەشھۇر شەھىرى. تېكەس ناھىيىسدە يەنە غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، قارا چوققا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، قىساڭ غارى دۆلەت ئورمان باغچىسى ھەمدە جاسىل ئېگىز تاغ كۆلى، تېكەس دەرياسى ئىستىراھەت ئارىلى قاتارلىقلار بار.



1 : 450 000





**نىلقا ناھىيىسى** شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. شەرقى خېجىڭ ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى كۈنەس، توققۇزتارا ناھىيىلىرى بىلەن، غەربى غۇلجا ناھىيىسى بىلەن، شىمالى شىخۇ شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نىلقا ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 1 بازار، 11 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 10121 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىڭ.

نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى ئېگىز، غەربىي جەنۇبى پەس، شەرقتىن غەربكە قاراپ قىيسايغان تار ئۇزۇن ۋادى بولۇپ، ئوتتۇرىسى قاش دەرياسى ۋادىسى. سۇ بايلىقلىرىدىن قاش دەرياسى، كۈنەس دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىسى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، مانگان، سۇرمە، ئۇران، كۆمۈر، گەج، مەرمەر، بارىت، كۋارتس، ئاپاتىت، ھاك تاش قاتارلىق 30 نەچچە خىلى بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ تېكىسى، بۈركۈت، ساقاللىق بۈركۈت، ئاق يەلكە بۈركۈت، ئالا قۇيرۇق بۈركۈت قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن جىغان، سوغىگۈل، چاكاندا، بۇۋانە، قانتېپەر، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار.

نىلقا ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 377.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1389.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 117 كۈن.

نىلقا ناھىيىسى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن ناھىيە، شىنجاڭ ئىلى ئېتى، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى چىقىدىغان ئاساسلىق جايلاردىن بىرى. نىلقا ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق، ئۆلكە تاشيولىنىڭ 315-لىنىيىسى شەرقتىن غەربكە قاراپ توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، شەرقى دۆلەت تاشيولىنىڭ 217-لىنىيىسى بىلەن، غەربى دۆلەت تاشيولىنىڭ 218-لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نىلقا ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ، تاڭبالى دۆلەت ئورمان باغچىسى، جىرىنتاي جىلغىسى مەنزىرە رايونى، قاش دەرياسى ساياھەت مەنزىرە رايونىنى ئاساسىي نۇقتا قىلغان، تاڭبالى يۇز چاقىرىملىق مەنزىرە رايونىنى مەركەز قىلغان ئالاھىدە ساياھەت بازىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يەردە خۇددى يېشىل پاياندازدەك ئوتلاقلار، تېز ئاقىدىغان دەريا-ئېقىنلار، بوك-باراقسان ئورمانلار، ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم ئېگىز تاغ مۇزلۇقلىرى، ئىللىق ۋە راھەت ئارىشاڭلار، يەنە قويۇق مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەر بار.



1 : 650 000

0 6.5 13.0 19.5 26.0 كىلومېتىر

ئالتىمېتىر

-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر



# تارباغاتاي ۋىلايىتى


**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** تارباغاتاي ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال بەلۋىغى ۋە غەربىي قىسىم تاغلىق رايوننى كېسىپ ئۆتىدۇ. شەرقىي جەنۇبى شىخەنزە شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، غەربىي جەنۇبى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر بىلەن، شەرقىي شىمالى ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي شىمالى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، قاراماي شەھىرى ۋە كۈيتۇن شەھىرىنى ئوراپ تۇرىدۇ. تارباغاتاي ۋىلايىتىگە چۆچەك شەھىرى، شىخۇ شەھىرى، دۆربىلجىن ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى، تولى ناھىيىسى، چاغانتوقاي ناھىيىسى ۋە قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى قارايدۇ، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە چۆچەك شەھىرىدە. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 953 مىڭ 400 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.

**تەبىئىي بايلىقى:** تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ شىمالىي باغرى تاغ ئالدى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، شىمالىي قىسمى تارباغاتاي تاغلىق رايونى ۋە تارباغاتاي-دۆربىلجىن ئويمانلىقى، شەرقىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى، غەربىي قىسمى بارلۇق تاغ رايونى. سۇ بايلىقىدىن دۆربىلجىن دەرياسى، كۈيتۇن دەرياسى، يەنسىخەي دەرياسى قاتارلىقلار بار. ھازىرغىچە بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، مانگان، مىس، قوغۇشۇن، خروم، ئالتۇن، كۆل تۇزى، بېنتونىت قاتارلىق 50 نەچچە خىلى بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، بۆكەن، قۇلان، ئاق لەيلەك، جەرەن، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، بوز ئۇلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، قانتېپەر، چوڭ سۇزاپ، كىرمش، چۈچۈكبۇيا، قومۇش قاتارلىقلار بار. تارباغاتاي ۋىلايىتى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.0°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 223.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1941.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 153 كۈن.


**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** تارباغاتاي ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، پاختا، ياغ، شېكەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە چارۋىچىلىق ئاساسىي بازىسى، ساۋەن ناھىيىسى بىلەن شىخۇ شەھىرى دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك ناھىيە ۋە دۆلەت دەرىجىلىك پاختا بازىسى ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ. چۆچەك شەھىرى، شىخۇ شەھىرى، دۆربىلجىن ناھىيىسى ۋە ساۋەن ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، مايلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. بۇ رايوندا بىر تۈركۈم بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىدىكى يېڭى زامانىۋى سانائەت كارخانىلىرى قۇرۇلدى. كۆمۈر، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، كۆن-خۇرۇم، يۇڭ توقۇمىچىلىق، پاختا توقۇمىچىلىق، قەنت-شېكەر، يېمەكلىك، سۈت مەھسۇلاتلىرى، قەغەزچىلىك، ھاراق ئېچىتىش، خىمىيە سانائىتى، كىيىم-كېچەك قاتارلىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئارپا، بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز، سېرىق پۇرچاق، كۈنجۈت، زاراڭزا، گازىر، ئالما، ئۈزۈم، شاپتۇل، تاۋۇز قاتارلىقلار بار. چارۋىلىرىدىن قوي، ئۆچكە، كالا، ئات، تۆگە قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى ۋە باشباي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق.

**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ «جۇڭغار دەرۋازىسى» دېگەن نامى بار، قاتنىشى قۇلايلىق، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى، ئۈرۈمچى-كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ۋە دۆلەت يولى 217-لىنىيىسى بىر-بىرى بىلەن كېسىشىپ ھەممە تەرەپكە تۇتاشقان بولۇپ، نۇرغۇن ئۆلكە يولى تەرەپ-تەرەپكە تۇتىشىپ، تاشيول تورىنى شەكىللەندۈرگەن. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى باقتۇ پورتى دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورت ھېسابلىنىدۇ. تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، ئانتروپولوگىيىلىك ئەۋزەللىكى گەۋدىلىك. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن جۇڭغار خانلىقى قەدىمىي شەھەر خارابىسى، ئۇسۇنلار قەبرىستانلىقى، قارا ئېمىل قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن كويغولىن ئورمىنى، بايانغول، بۇغا مۈڭگۈزى داۋىنى، مىڭبۇلاق يايلىقى قاتارلىقلار بار.






# تارباغاتاي ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى




1 : 1 600 000


# تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى




1 : 1 600 000

0 16 32 48 64 كىلومېتىر


# چۆچەك شەھىرى



**چۆچەك شەھىرى** چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتى، تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقتە دۆربىلجىن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا چاغانتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب ۋە شىمال تەرىپى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چۆچەك شەھىرى تارباغاتاي ۋىلايىتى مەمۇرىي مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن بولۇپ، قارىمىقىدا 3 كوچا باشقارمىسى، 1 بازار، 5 يېزا بار، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ شىنخۇا كوچىسىغا جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4010 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 156 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

چۆچەك شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تارباغاتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمى جىرالار ئېقىنى ۋە دۆربىلجىن دەرياسى ئېقىن تىنىما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن قاراگۈر دەرياسى، ئابدىرا دەرياسى قاتارلىق ئېقىن ۋە بۇلاقلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، تۆمۈر، مەرمەر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جۇر، قوڭۇر ئېيىق، جەرەن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، چاكاندا، چۇغلۇق قاتارلىقلار بار. چۆچەك شەھىرى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.1℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 282.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1711.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 145 كۈن.

چۆچەك شەھىرى تارباغاتاي ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ قاتناش مەركىزىگە جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئەۋزەل، قاتنىشى قۇلايلىق، ئۆلكە يولى 221 ـ لىنىيىسى ۋە ئۆلكە يولى 222 ـ لىنىيىسى شەھەرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، چۆچەك شەھىرى تەۋەلىكىدىكى باقتۇ دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك پورتى شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىدىغان مۇھىم پورتلىرىدىن بىرى. چۆچەك شەھىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل، قۇلۇستاي ئوتلىقى، ۋېيرىنشەن تېغى تاماشا سۇپىسى قاتارلىقلار بار.






**شىخو شەھرى** تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب چېتىگە جايلاشقان. شەرقتە قاراماي شەھرى، كۈيتۈن شەھرى، ساۋەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبتا نىلقا ناھىيىسى، غەربتە جىڭ ناھىيىسى بىلەن، شىمالدا تولى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىخو شەھرىنىڭ قارمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى، 10 بازار، 7 يېزا بار، پۈتۈن شەھەرنىڭ يەر مەيدانى 14392 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭ.

شىخو شەھرىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتېغىنىڭ تارماق تىزمىلىرى ئىرەنقابىرغا تېغى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى ئېقىن تىنما بوستانلىق تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقىدىن ئىبارەت. سۇ بايلىقىدىن كۈيتۈن دەرياسى، چىگشور دەرياسى، گۈرت دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، كېپەك ئالتۇن، نېفىت، قوغۇشۇن، سۈرمە تاش، ھاك تاش، گەج، گرانىت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، تايغان بۆغا، جەرەن، يىلپىز، ئۇلار، سۇغۇر، سۇ بۇلغۇنى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قار لەيلىسى، سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا، سۇزاپ قاتارلىقلار بار. شىخو شەھرى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.1℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 165.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1988.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 182 كۈن.

شىخو شەھرى شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم قاتناش يولىغا جايلاشقان بولۇپ، قاتنىشى قۇلايلىق، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى شەرقتىن غەربكە قاراپ توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، دۆلەت يولى 217-لىنىيىسى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. شىخو شەھرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھايىتى كۆپ، مەنزىرىسى گۈزەل. مەنزىرىلىك مەشھۇر جايلىرىدىن شىخو ئارىشىڭى، جەنۇبىي تاغ ئورمان باغچىسى، ئۇلانسادىق ۋە ئۇيسۇن قەدىمىي قەبرىسى، شارسۇم لاما خارابىسى قاتارلىقلار بار.





1 : 600 000

كىلومېتىر


0 6 12 18 24




**دۆربىلجىن ناھىيىسى** جوڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتى، تارباغاتاي-دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى تولى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى چۆچەك شەھرى، چاغانتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دۆربىلجىن ناھىيىسى قارمىقىدا 1 بازار، 10 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 9092 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 190 مىڭ.

دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ يانتۇ بولۇپ، ئۈچ تەرىپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، مەركىزىي قىسمى پەس ھەم تۈز. سۇ بايلىقىدىن دۆربىلجىن دەرياسى، مايقايىڭ دەرياسى، نامغول دەرياسى قاتارلىق دەريا-ئېقىنلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ھاك تاش، گاۋلىڭ توپىسى، گەج، كېپەك ئالتۇن، مەرمەر، گرانىت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تايغان بۈغا، جەرەن، ئارقار، قوڭۇر ئېيىق، ئۈلار، قاما، سۆلەيسۈن قاتارلىقلار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، چۆچۈكبۇيا، پەربۇن، چاكاندا، سۇزاپ، ئالقات قاتارلىقلار بار. دۆربىلجىن ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 274.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1939.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 148 كۈن.


دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، ئۆلكە يولى 221-لىنىيىسى ۋە ئۆلكە يولى 318-لىنىيىسى پۈتۈن ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شەھەر قۇرۇلۇشى دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەملەشكەن، ئىككى قاسناقتىكى قۇرۇلۇش ناھايىتى رەتلىك بولۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، ھاۋاسى يېقىشلىق، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ. ساياھەت نۇقتىلىرىدىن قارا ئېمىل ئورمانچىلىق مەيدانى، تېگى يوق كۆل، مىڭبۇلاق چارۋىچىلىق مەيدانى، فەنلىخۇا مۇنبىرى، قارا ئېمىل قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بار.








1 : 450 000





**ساۋەن ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقتە شىخەنزە شەھىرى، ماناس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا خېجىڭ ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە شىخۇ شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرى، قاراماي شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ساۋەن ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 9 بازار، 3 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 12468 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭ.

ساۋەن ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتېغىنىڭ تارماق تىزمىسى ئىرەنقابىرغا تېغى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى كەلكۈن ـ ئېقىن تىنما بوستانلىق تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقىدىن ئىبارەت. نۆۋەتتە بۇ ناھىيە دۆلەتنىڭ ئاشلىق ـ پاختا بازىسى ناھىيىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. سۇ بايلىقلىرىدىن ماناس دەرياسى، نىڭجياخې دەرياسى، قورغاس دەرياسى، دانەنگۇ دەرياسى ۋە يەنسخەي سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، نېفىت، ھاك تاش، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، سۇر تۇرنا، ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 174 كۈن.

ساۋەن ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق ھەمدە ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق قۇرغاق ئىقلىمى ۋە ۋېرتىكال كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 191.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2118.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 174 كۈن.

ساۋەن ناھىيىسى شىمالىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم تۈگۈنى، قاتناش تەرەققىي تاپقان، ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى شەرقتىن غەربكە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۆلكە يولى 101 ـ لىنىيىسى، ئۆلكە يولى 201 ـ لىنىيىسى، ئۆلكە يولى 219 ـ لىنىيىسى، ئۆلكە يولى 223 ـ لىنىيىسى، ئۆلكە يولى 224 ـ لىنىيىسى، ئۆلكە يولى 312 ـ لىنىيىسى پۈتۈن ناھىيىنى ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ.

ساۋەن ناھىيىسىدە ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سەندوخوزا ئورمان باغچىسى، ئارشاڭ ساناتورىيىسى، لۇجاۋۋەن، شۇاڭلۇڭگۇ، دۇڭداتاڭ، نىڭجياخې دەرياسى، چيەنچۈەنخۇ، ئالتۇن دېلتا ساياھەت ـ شىكار ئارامگاھى، موڭغۇل بۇتخانىسى قاتارلىقلار بار.

1 : 550 000

0 5.5 11.0 16.5 22.0 كىلومېتىر

ئالتىمېتىر

-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر




**تولى ناھىيىسى** جوڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقتە قاراماي شەھرى بىلەن، جەنۇبتا شىخو شەھرى، جىڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە چاغانتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا دۆربىلجىن ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبتا قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تولى ناھىيىسى قارىمىقىدا 3 بازار، 4 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 19982 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 90 مىڭ.

تولى ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئوتتۇرا قىسمى ئېگىز، چېتى پەس، مايلى، جايىر، بارلۇق تېغى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. سۇ بايلىقىدىن داربۇت دەرياسى، ئۆرشۈلت دەرياسى، شالغاي دەرياسى، سۈۋېر دەرياسى قاتارلىق ئېقىنلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، خروم، تۆمۈر، گرانىت ۋە ھاك تاش قاتارلىق 39 خىلى بار، بۇنىڭ ئىچىدە گرانىتنىڭ 7 چوڭ تۈرى بولۇپ، 20 نەچچە رەڭدە چىقىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ تېكىسى، ئارقار، جەرەن قاتارلىق 51 خىلى بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا، زاراڭزا، بادام قاتارلىق 100 نەچچە خىلى بار.

تولى ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ كىلىمات پەرقى چوڭ بولۇپ، قۇرۇقلۇق مۆتىدىل بەلۋاغ يېرىم قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 233.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2091.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 146 كۈن.

تولى ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق، ناھىيە بىلەن يېزا يوللىرى ھەر تەرەپتىن تۇتىشىپ كەتكەن، ئۆلكە يولى 201-، 221-، 317-لىنىيىلىرى ناھىيىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ.

تولى ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل، ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ياۋا ئەتىرگۈل ساياھەت-شىكار تاغ سەيلىگاھى، تاستى ئورمانچىلىق مەيدانى ، كەڭساي، قاراغاي باستاۋ قاتارلىقلار بار.




-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000


1 : 700 000

# چاغانتوقاي ناھىيىسى

**چاغانتوقاي ناھىيىسى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، تارباغاتاي - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقتە تولى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب ۋە جەنۇبىدا قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالدا چۆچەك شەھىرى، دۆربىلجىن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ قارمىقىدا 1 بازار، 5 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 6090 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 50 مىڭ.

چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئېگىز، غەربىي شىمالى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى دۆربىلجىن دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىك رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى كەلكۈن تىنما تۈزلەڭلىك رايونى، جەنۇبىي قىسمى بارلۇق تاغلىق رايونىدىن ئىبارەت. سۇ بايلىقىدىن تاستى دەرياسى، قارابۇرا دەرياسى، تېرىكتى دەرياسى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، جەرەن، قوڭۇر ئېيىق، سۆلەيسۈن، تايغان بۇغا، ياۋا چوشقا، ئۈلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، چاكاندا، پەربۇن، چۈچۈكبۇيا، سۇزاپ قاتارلىقلار بار. چاغانتوقاي ناھىيىسىدە «تىرىك تاشقاتما» دەپ ئاتىلىدىغان ياۋا بادام بار. چاغانتوقاي ناھىيىسى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، قىش پەسلى سوغۇق ۋە ئۇزۇن، ياز پەسلى ئىسسىق ۋە قىسقا بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 273 ممىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1021 ممىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 158 كۈن.


چاغانتوقاي ناھىيىسى ئاسىيا - ياۋروپا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆۋرۈكىنىڭ ئالتۇن دېلتا بەلۋىغى دەپ تەرىپلىنىدۇ، ئۆلكە يولى 222 - لىنىيىسى ۋە ئۆلكە يولى 317 - لىنىيىسى ناھىينى كېسىپ ئۆتىدۇ. چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ مەشھۇر ئاسارىئەتىقىلىرىدىن تاستى ساياھەت رايونى، سۈن لۇڭجېن قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى، بارداقۇر قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بار. مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ناھىيە چېگرىسى ئىچىدىكى شىمالىي تەڭرىتاغ تىزمىلىرى بارلۇق تېغىدا بولۇپ، تاغنى قاپلىغان ياۋا باداملىق تاماشا قىلىش قىممىتىگە ئىگە.




**قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى بورۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى سانجى شەھىرى، ماناس ناھىيىسى، قۇتۇبى ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى دۆربىلجىن ناھىيىسى، تولى ناھىيىسى، قاراماي شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى جېمىنەي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي شىمالى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى قارىمىقىدا 2 بازار، 5 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 28799 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 50 مىڭ.

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شىمالىي قىسمى پەس تاغلىق، ئېدىرلىق، جەنۇبىي قىسمى گۇربانتۇڭگۈت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن نامغول دەرياسى، قوبۇق دەرياسى، ماناس كۆلى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، نېفىت، بېنتونىت، تۇز، ھاك تاش، كۋارتس، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆركۈت، جەرەن، سۆسەر قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا، كەتىرا، سۇزاپ، پەربۇن، بۇۋانە قاتارلىقلار بار. قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇقلۇق شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 136.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1909.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 136 كۈن.

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىنى ئۆلكە يولى 318 ـ لىنىيىسى شەرقتىن غەربكە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، دۆلەت يولى 217 ـ لىنىيىسى جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. تاغ ـ دەريالىرى گۈزەل بولۇپ، خارغايتۇ ئېكولوگىيە مەنزىرە رايونى، غۇربىن چاست مۇزلۇق ئېكسپېدىتسىيە ساياھەت رايونى، جۇڭغار ئارىشىگى ساياھەت رايونى ھەمدە قىيا تاش سىزمىلىرى، جاللىنتاران تاش ئۆي ـ تاش گۈمبەزى قەبرىلىرى قاتارلىقلار بار.



# ئالتاي ۋىلايىتى




**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** ئالتاي ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىغا، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جوڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، شەرق، غەربىي شىمال ۋە شىمال تەرىپى ئايرىم-ئايرىم ھالدا موڭغۇلىيە، قازاقىستان، روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، غەربىي جەنۇبى تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئالتاي ۋىلايىتىگە ئالتاي شەھىرى، بۇرچىن ناھىيىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، قابا ناھىيىسى، چىڭگىل ناھىيىسى، جېمىنەي ناھىيىسى قارايدۇ. ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئالتاي شەھىرىدە. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 612 مىڭ 600 بولۇپ، ئاساسلىقى قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

**تەبىئىي بايلىقى:** ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالى ئېگىز، غەربىي جەنۇبى پەس بولۇپ، شەرقىي شىمال قىسمى جۇڭگو-موڭغۇلىيە، جوڭگو-رۇسىيە چېگرىسىغا سوزۇلغان ئالتاي تاغلىرى، غەربىي جەنۇبىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى ئېقىن ئىنما تۆزلەڭلىكى. سۇ بايلىقى مول بولۇپ، ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسىدىن باشقا يەنە ئۇلۇڭگۇر كۆلى، قاناس كۆلى قاتارلىق 56 كۆل بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مانگان، خروم، مىس، تاش ئالتۇن، كېپەك ئالتۇن، چىرىمتال، بېرىللىي، دالاشپاتى، ياقۇت، لىتىي قاتارلىق 86 خىلى بار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 6 چوڭ كان رايونىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «رەڭلىك مېتال ئېچىش بەلۋىغى». ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا ئېشەك، قۇندۇز، تاغ ئۆچكىسى، يىلپىز، قىيالىق تۇندرا كەكلىكى، ئاق بېلىق، ئاتسىپىنسېر بېلىقى قاتارلىق 73 خىلى بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قۇرتئوت، چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، سۇزاپىلار بار. ئالتاي ۋىلايىتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ سوغۇق رايون قۇرۇقلۇق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 171.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1814.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 131 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** ئالتاي ۋىلايىتى دۆلىتىمىزنىڭ رەڭلىك مېتال ۋە كەم ئۇچرايدىغان مېتاللار ئىستراتېگىيىلىك زاپىسى رايونى بولۇپ، ئالتۇن، ياقۇت چىقىرىش بىلەن دۇنياغا تونۇلۇپ، « ئالتۇنتاغ» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىقى ئاپتونوم رايوندا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈرچىلىك، ئالتۇن قېزىش، كانچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، كىيىم-كېچەك، يېمەكلىك سانائەتلىرى خېلى كۆلەملەشكەن بولۇپ، مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر رۇدىسى، مىس، نىكېل، سېمونت، ئىچىملىك-ھاراق، يۇڭ توقۇلما، قەغەز بوتقىسى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە يۇڭ توقۇلمىلىرى، ئالتاي تېغى ھاراقلىرى، قاناس ھاراقلىرى قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرى خېلى مەشھۇر بولۇپ، بازار تاپقان كوزۇر مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ قالدى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن قىزىلچا، بەرەڭگە تۈرىدىكىلەر بار. چارۋىچىلىقتا ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بېلىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن كىچىك قىزىل بېلىق، سىبىرىيە ئۇستۇر بېلىقى، تىماللۇس سىگنىفېر بېلىقى، لوتا قاتارلىق 22 خىل يەرلىك بېلىق بار.

**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، دۆلەت يولىنىڭ 216-، 217- لىنىيىلىرى بۇ يەردە تۇتىشىدۇ ھەمدە دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۈچ تەرەپ تىركىشىپ تۇرغان ھالەتنى شەكىللەندۇرىدۇ. دۆلەت يولى 216-لىنىيىسى تۇرپان-ئۈرۈمچى-داخۇاگشەن يۇقىرى دەرىجىلىك يولى ئارقىلىق بىۋاستە مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە تۇتىشىدۇ، دۆلەت يولى 217- لىنىيىسى قاراماي ئارقىلىق بىۋاستە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولغان كۇيتۇن شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. تەۋەلىكىدە دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتتىن 4 ى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقىن، قىزىلتاغ ئېغىزى قاتارلىق ئىككى چېگرا پورتى موڭغۇلىيىگە، جېمىنەي، ئاقتۆبېك قاتارلىق ئىككى چېگرا پورتى قازاقىستانغا ئېچىۋېتىلگەن. ئالتاي ۋىلايىتى قاناس كۆلىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئېكولوگىيىلىك ساياھەت رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك بايلىق جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە. قاناس كۆلى، تاڭبالى كۆلى، قېيىن باغچىسى، ئارىشاڭ تېغى ئارىشىڭى، ئۇلۇڭگۇر كۆلى، ساندۇخەيزى، ئوتلاق تاش ئادىمى قاتارلىقلار بار.
















قازاقىستان
روسىيە
موڭغۇلىيە
بۇرچىن
قابا
ئالتاي
كۆكتوقاي
چىڭگىل
تارباغاتاي

1 : 1 650 000

# ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى






**ئالتاي شەھرى** «ئالتۇن شەھرى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى ۋە جەنۇبى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن، غەربى بۇرچىن ناھىيىسى، جېمىنەي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئالتاي شەھرىگە 3 كوچا باشقارمىسى، 3 بازار، 3 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 10840 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 220 مىڭ.


ئالتاي شەھرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى ئېدىرلىق، ئويمانلىق، جەنۇبىي قىسمى ئېرتىش دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن ئېرتىش دەرياسى قاتارلىق ئۈچ چوڭ سۇ سىستېمىسى ۋە يۈزلىگەن چوڭ-كىچىك كۆللەر بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، ئاق چىرىمتال، كۋارتس قۇم قاتارلىقلار بولۇپ، سېرىق ئالتۇن، ياقۇت قاتارلىقلار ئەۋزەل قېزىلما بايلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن قارا بۇلغۇن، قوڭۇر ئېيىق، تايغان بۇغا، ئارقار، ئالا قۇيرۇق بۆركۆت قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن قومۇش، چاكاندا، قىزىل چوغلۇق، قۇرتئوت، پەربۇن، سوغۇگۈل قاتارلىقلار بار. ئالتاي شەھرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 191.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1682.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 146 كۈن.

ئالتاي شەھرى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قاتناش مەركىزى بولۇپ، قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولىنىڭ 216-، 217-لىنىيىلىرى شەھەر رايونىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان قەرەللىك نۆۋەتچى ئايروپىلانى بار. ئالتاي شەھرىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول ھەم ئۆزگىچە بولۇپ، قېيىنلىق باغچىسى، شياۋدۇڭگۇ ئورمان باغچىسى، تاڭبالى كۆلى، شەمىرشەك تاش ئادىمى ۋە تاش گۆرنسەي قەبرىلىرى غەربىي دىيار مەدەنىيەت ئۇسلۇبىغا ئىگە ساياھەت مەنزىرىسىنى شەكىللەندۇرگەن.



1 : 500 000

# بۇرچىن ناھىيىسى








**بۇرچىن ناھىيىسى** ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى ئالتاي شەھىرى بىلەن، جەنۇبى جىمىنەي ناھىيىسى بىلەن، غەربى قابا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى روسىيە، موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇرچىن ناھىيىسگە 1 بازار، 6 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 10362 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 60 مىڭ.

بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قىيپاش بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى ئېرتىش دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى يېرىم قاقاسلىق پەس تاغلىق رايون. سۇ بايلىقىدىن قاناس كۆلى، ئېرتىش دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن قوغۇشۇن، سىنىك، مىس قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، سۆلەيسۇن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قۇرتئوت، قىزىل مېھرىگىياھ قاتارلىقلار بار.


بۇرچىن ناھىيىسى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى سوغۇق ئىقلىم رايونىغا كىرىدىغان بولۇپ، قىش پەسلى ئۇزۇن، ئەتىياز پەسلى شامالىق، ياز پەسلى قىسقا، قۇرۇق ئىسسىق، كۈز پەسلى سالقىن، ئەتىگىنى قىرولۇق بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 139.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1679.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 129 كۈن.

بۇرچىن ناھىيىسى قاناس كۆلى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى-سىرتىغا داڭ چىقارغان بولۇپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى ئۈچ ناھىيىنىڭ قاتناش مەركىزى. ساياھەت بايلىقى مول ھەم ئۆزگىچە، شىنجاڭ بويىچە بەش چوڭ مەنزىرىلىك جاينىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان، « ئاسىيادىكى شۋېتسارىيە مەنزىرىسى» دېگەن نامى بولغان قاناس كۆلى مەنزىرە رايونى بولۇپلا قالماي، يەنە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشى جەريانىدا قالدۇرۇپ كەتكەن تاش ئادەم، قىيا تاش سىزمىلىرى، قەدىمىي قەبرە قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلغان ئوتلاق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار، تەبىئىي مەنزىرە ۋە ئوتلاق مەدەنىيىتى كىشىنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

ئالتىمېتىر
-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

1 : 550 000 0 5.5 11.0 16.5 22.0 كىلومېتىر

# كۆكتوقاي ناھىيىسى










**كۆكتوقاي ناھىيىسى** «تەبىئىي بايلىق ماكانى» دېگەن نامى بىلەن داڭق چىقارغان بولۇپ، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى چىڭگىل ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى جىمسار ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن، غەربى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. كۆكتوقاي ناھىيىسىگە 3 بازار، 6 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 32237 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 80 مىڭ .

كۆكتوقاي ناھىيىسى شىمالدىن جەنۇبقا قىيپاش بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن نىكېل، كالىي شپاتى قاتارلىقلار بار، دۆلەت بويىچە ئالدىنقى ئون قاتاردا تۇرىدىغانلاردىن نىكېل، سېزىي، لىتىي، پلاتىنا، تېللۇر قاتارلىقلار بولۇپ، «تەبىئىي قېزىلما بايلىق كۆرگەزمىخانىسى» دېگەن نامى بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، ئۈۋچى لاچىن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى، ئەنجۇدان، چۆچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار.


كۆكتوقاي ناھىيىسى قۇرغاقلىق تىپىدىكى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.0℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 189.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1974.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 122 كۈن.

كۆكتوقاي ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ مۇھىم چارۋىچىلىق ۋە كانچىلىق بازىسى. دۆلەت يولى 216-لىنىيىسى، ئۆلكە يولىنىڭ 226-، 320-لىنىيىلىرى ناھىيە تەۋەسىدە قولايلىق قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرگەن. كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول ھەم ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، جەنۇبتا قارامايلى تېغى تۇياقلىقلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى ئاساس قىلغان ھالدا، چاقۇرت گېئو باغچىسى، رەڭدار قولتۇق، قۇم ساداسى تېغى، سىلتىسىلاشقان دەرەخ قاتارلىقلار بار، شىمالدا ئالتاي تېغى ئىككى دەريا مەنبەسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى ئاساس قىلغان ھالدا، شېنجۇڭشەن ئورمان باغچىسى، تاگبالى تاش ئۆڭكۈر قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بار.

1 : 900 000 — 0 9 18 27 36 كىلومېتىر

ئالتىمېتىر — -100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

# بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى










**بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان. شەرقى كۆكتوقاي ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى سانجى شەھىرى، مىچۈەن شەھىرى، فۇكاڭ شەھىرى بىلەن، غەربى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، جېمىنەي ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئالتاي شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە 1 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 33273 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 70 مىڭ.

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شىمالدىن جەنۇبقا قىيپاش بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى گۇربانتۈڭگۈت قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۈر دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سۇ سىستېمىسى ۋە ئۇلۇڭگۈر كۆلى، بۇرۇلتوقاي سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن سېرىق ئالتۇن، ياقۇت، قاشتاش، مىس، تۆمۈر، مانگان، سپودۇمېن، نېفىت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا ئېشەك، تايغان بۇغا، يىلپىز، قۇندۇز قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، سۇزاپ، سوغىگۈل قاتارلىقلار بار.

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدىغان بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.2°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 121.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1820.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 152 كۈن.

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، دۆلەت يولى 216-لىنىيىسى ناھىيىنى شەرقتىن غەربكە قاراپ كېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە ئۆلكە يولى 318-لىنىيىسى بىلەن كرېست شەكلىدە كېسىشىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى قىزىلتاغ ئېغىزى دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى موڭغۇلىيە بىلەن سودا ئالاقىسىنى قانات يايدۇرىدىغان مۇھىم يولدۇر. بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلۇڭگۈر كۆلى ئالتۇن قىرغىقى، خالۋېن بايلىقى، كېپىنەك جىلغىسى، ئالتىنتاس چوڭ جىلغىسى، ئاراشان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلار بار. ئاراشاندا چوڭ-كىچىك بۇلاقلاردىن 17 سى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئارشاڭ كۆپرەك، نىسبەتەن داڭلىقراق ئارشاڭلاردىن ئوت ئارشاڭ، قىزىل ئارشاڭ، سۈت ئارشاڭ، سوغۇق ئارشاڭ قاتارلىقلار بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ نامىمۇ ئارشاڭلارغا تازا ماس كەلگەن، يەنى ئوت ئارشاڭنىڭ سۈيى قىزىق، قىزىل ئارشاڭ خۇددى قاندەك قىزىل، سۈت ئارشاڭ خۇددى سۈتتەك، سوغۇق ئارشاڭنىڭ سۇ تېمپېراتۇرىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدۇ.


ئالتىمېتىر -100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

1 : 900 000 0 9 18 27 36 كىلومېتىر


**قابا ناھىيىسى** ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقى بۇرچىن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى جىمىنەي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب، شىماللىرى قازاقىستان، روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قابا ناھىيىسىگە 1 بازار، 6 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 8179 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 80 مىڭ.

قابا ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى ئېدىرلىق، جەنۇبىي قىسمى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن ئېرتىش دەرياسى، قابا دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، مانگان، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىقلار بار. ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېدىرلىق رايونى دۆلىتىمىزدىكى مۇھىم رەڭلىك مېتال زاپىسى رايونلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، تايغان بۇغا، قارابۇلغۇن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، كەتىرە، چاكاندا، قۇرتئوت قاتارلىق 200 دىن ئارتۇق تۈرى بار. تەبىئىي بېلىق تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى سىبىرىيە ئۇستور بېلىقى، چوڭ قىزىل بېلىق، كىچىك قىزىل بېلىق قاتارلىقلار ئېرتىش دەرياسىدىكى داڭلىق بېلىق تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ. قابا ناھىيىسى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى سوغۇق ئىقلىم رايونىغا كىرىدىغان بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 184.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2010.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 137 كۈن.

قابا ناھىيىسىدە تاشيول قاتنىشى ئاساس قىلىنىدىغان بولۇپ، ئاقتۆبېك دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى تەسىس قىلىنغان. قابا ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى ئالاھىدە خاس جەلپكارلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىگە ياۋروپا-ئاسىيا ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئۇسلۇپ سىڭىپ كەتكەن. نارىن يايلىقى، سىبىرىيە تايگا ئورمانلىقى قاتارلىق ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ئوت-چۆپلىرى بۇلۇق، مەنزىرىسى ھەيۋەتلىك. ئاق قابا دۆلەت ئورمان باغچىسىدا غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان ئاق قېيىنلىق تەبىئىي ئورمان بەلۋىغى بار.




-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000




**چىڭگىل ناھىيىسى** ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىگە ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبى گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن، غەربى كۆكتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. چىڭگىل ناھىيىسىگە 2 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15722 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 50 مىڭ.

چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى ئېگىز، غەربىي جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالتاي تاغ رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئارىسى ئويمانلىقى، جەنۇبىي قىسمى ئېدىرلىق ۋە چۆللۈك. سۇ بايلىقىدىن چوڭ چىڭگىل دەرياسى، كىچىك چىڭگىل دەرياسى، بۇلغىن دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، سىنىك، چىرىمتال، لىتىي تېشى، يىلان قاسىرىقى تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قۇندۇز، قارا بۇلغۇن، تايغان بۇغا، قوڭغۇر ئېيىق، يىلپىز قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، سۇزاپ، كەتىرە، قۇرتئوت، ئەنجۈدان قاتارلىقلار بار.

چىڭگىل ناھىيىسى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى سوغۇق قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدىغان بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 170.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1397.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 83 كۈن.

چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ تاشيوللىرى ھەر تەرەپكە تۇتاشقان بولۇپ، ئۆلكە يولىنىڭ 228-، 320-لىنىيىلىرى ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى تاشقىن دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى موڭغۇلىيە بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم يول ھېسابلىنىدۇ. چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ تاغلىرى يېشىل، سۇلىرى سۈزۈك بولۇپ، مەنزىرىسى كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. دەريا ۋادىسى بەلۋېغى ئاق قېيىنلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قەدىمىي قارىغايلىرى پەلەككە تاقاشقان. ئېگىزتاغ يايلىقىنىڭ ئوت-چۆپلىرى بۈلۈق، ھاۋاسى ساپ بولۇپ، تەبىئىي گۈزەل يازلىق ساياھەت جايى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا بويىچە ئەتىۋارلىق ھايۋان ھېسابلىنىدىغان قۇندۇز بۇلغىن دەرياسى ۋادىسىغا ماكانلاشقان بولۇپ، بۇ مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر قۇندۇز تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ھېسابلىنىدۇ. ھەيۋەتلىك يەر تەۋرەش ئۆزۈلمە بەلۋېغى، مۇشۇكئېيىق تېغى ۋە ساندۇخەيزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى، بۇغا تاش قاتارلىق تەبىئىي ۋە ئانتروپولوگىيىلىك مەنزىرە نۇقتىلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ.





1 : 700 000
0 7 14 21 28 كىلومېتىر


ئالتىمېتىر
-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

# جېمنەي ناھىيىسى

**جېمنەي ناھىيىسى** جوڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ساۋۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەرقى ئالتاي شەھىرى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، شىمالى بۇرچىن ناھىيىسى، قابا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جېمنەي ناھىيىسىگە 2 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7181 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 40 مىڭ.

جېمنەي ناھىيىسى جەنۇبتىن شىمالغا قىيپاش بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى ساۋۇر تېغى، ئوتتۇرا قىسمى كەلكۈن - ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، غەربىي شىمالىي قىسمى قۇملۇق. سۇ بايلىقىدىن تاستى دەرياسى، ئۇتبۇلاق دەرياسى، ئۆلكېن ئۇلاست دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، كۋارتس قۇم، ئاق توپا قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، قارابۇلغۇن، ئاق لەيلەك، مولۇن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۆچۈكبۇيا، سوغۇگۈل، سۇزاپ، شاقاقۇل، پاقا يوپۇرماق ئوتى قاتارلىقلار بار. جېمنەي ناھىيىسى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى سوغۇق قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 202.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2140.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 150 كۈن.

جېمنەي ناھىيىسىدە تاشيول قاتنىشى ئاساس قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۆلكە يولى 229 - ، 319 - لىنىيىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا دۆلەت يولى 217 - لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ناھىيە تەۋەسىدىكى جېمنەي دۆلەت 1 - دەرىجىلىك پورتى قازاقىستان بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم يول ھېسابلىنىدۇ. جېمنەي ناھىيىسىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ئوتلاق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ بولۇپ، دۆلەت پورت قوۋۇقى، چېگرا دەريا، چېگرا كۆۋرۈك، چېگرا تاش ئاساسىدىكى ساياھەت تۈرى ئاساسىدا، بېيشاۋو ئېكولوگىيە ساياھەت رايونى، مۇزتاغ مۇزلۇقى ساياھەت رايونى ۋە ياندىش مۇئەسسەسەلەر بەرپا قىلىندى.






# ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق
# ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونلار











**شىخەنزە شەھىرى** تەڭرىتېغى شىمالىي ئېتىكىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى ماناس ناھىيىسى بىلەن، غەرب، جەنۇب، شىمالى ساۋەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىخەنزە شەھىرى ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8-شىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، قارىمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى، 1 بازار، 1 يېزا بار، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ شىمالىي 3-يولىغا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 460 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 662 مىڭ 700 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بار.

شىخەنزە شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تار ۋە ئۇزۇن بولۇشتەك ھالەت شەكىللەنگەن. سۇ بايلىقلىرىدىن ئاساسلىقى ماناس دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، ھاك تاش، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. شىخەنزە شەھىرىنىڭ شەھەر مۇھىتى رەتلىك ۋە پاكىز، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 40% كە يېتىدۇ، «دۆلەت باغچە شەھىرى» بولۇپ باھالانغان. شىخەنزە شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 206.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1491.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 163 كۈن.


شىخەنزە شەھىرى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان شەھەر ئىقتىسادىي چەمبىرىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قاتنىشى قۇلايلىق، ئۈرۈمچى-كۇيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، دۆلەت تاشيولى 312-لىنىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى شەرقتىن غەربكە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. شىخەنزە شەھىرى مەملىكىتىمىزدىكى «ئەسكەرلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرىنى قوغداش»تىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگە بولۇپ، گۈزەل مۇھىتى، ئۆزگىچە مەدەنىيىتى، شانلىق مەدەنىيلىكى بىلەن «چۆلدىكى مەرۋايىت» دەپ تەرىپلەنگەن.





# ئارال شەھىرى




**ئارال شەھىرى** تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقتە شايار، توقسۇ ناھىيىسى بىلەن، غەربتە ئاۋات ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب ۋە شىمالدا ئاقسۇ شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئارال شەھىرى 2002-يىلى گوۋۇيۈەنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر، قارىمىقىدا 7-، 8-، 9-، 10-، 11-، 12-، 13-، 14-، 15-، 16-تۇەن مەيدانى، تارىم سۇ باشقۇرۇش ئورنى، سۇ ئىنشائاتلىرى باشقارمىسى، تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، توقاي يېزىسى بار، پۈتۈن شەھەرنىڭ يەر مەيدانى 3920 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىڭ.

ئارال شەھىرى تارىم دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى بولۇپ، شەھەر ئىچى تەكشى ۋە كەڭ، دەريا قىرغىقى ھەممە جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقى بىرئاز كۆتۈرۈلگەن، يەر تۈزۈلۈشى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ قىيپاش بولۇپ، شەرقىي قىسمى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقلىرىدىن ئاقسۇ دەرياسى، تارىم دەرياسى ھەممە غالىبىيەت، يۇقىرى ئېقىن، دولان قاتارلىق ئۈچ چوڭ تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى بار.

ئارال شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ زىيادە قۇرغاق چۆل ئىقلىمىغا تەۋە، كۈننىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 54.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن.

ئارال شەھىرىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق، ئۆلكە تاشيولى 207-لىنىيىسى، دۆلەت تاشيولى 314-لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئارال شەھىرى تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل ۋە كىشىگە ياقىدۇ، «قۇملۇقتىكى يېشىل ئارال» دېگەن نامى بار. شەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 50% تىن يۇقىرى بولۇپ، شەھەر ئىچى قۇرۇلۇشلىرىدا جۇڭگوچە ۋە غەربچە ئۇسلۇب بىرلەشتۈرۈلگەن، ئېگىز بىنالار ئاز ، ئوتتۇرا، تۆۋەن قەۋەتلىك بىنالارنى ئاساس قىلىدۇ، ئاساسىي گەۋدە جەھەتتە كىشىگە ماسلاشقان، تىنچ بولغان باغچە شەھەر تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. ئارال شەھىرى ياش ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، يېڭىدىن گۈللەنگەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ قۇرغان شەھەر، نۆۋەتتە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەشھۇر مەدەنىيەت شەھىرى قىلىپ قۇرۇلۇۋاتىدۇ، شەھەر ئىچىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خاتىرە مۇنارى، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەدەنىيەت مەركىزى ھەممە تارىخىي مۇزېي قاتارلىق بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشلار تەدرىجىي قۇرۇلۇۋاتىدۇ.


ئالتىمېتىر
-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر


1 : 350 000
0 3.5 7.0 10.5 14.0 كىلومېتىر

**تۇمشۇق شەھىرى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە، زەرەپشان دەرياسى تۆۋەنكى ئېقىم ئېقىن تىنىما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ئەتراپى مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇمشۇق شەھىرى 2002-يىلى گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر، قارمىقىدا 44-، 49-، 50-، 51-، 52-، 53-تۈەن مەيدانى ھەمدە سانائەت-قۇرۇلۇش گۇرۇھى، شوركۆل سۇ باشقۇرۇش ئورنى، ئورۇقچىلىق مەيدانى، يۇگدا سېمونت زاۋۇتى ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى بار، پۈتۈن شەھەرنىڭ يەر مەيدانى 1914 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 110 مىڭ.

تۇمشۇق شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ قىيپاش بولۇپ، ئاساسلىق يەر شەكلى تۈزلەڭلىك، قۇم بارخانلىرىدىن ئىبارەت. سۇ بايلىقىدىن تۆلەمەت دەرياسى، كەلكىن دەرياسى ھەمدە غەربىي شىمالدىكى ئەڭ چوڭ تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى شوركۆل سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن مەرمەر تاش، ھاك تاش قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چوچۇكبۇيا، چاكاندا، لوپنۇر كەندىرى، سۇزاپ، بۇيا قاتارلىقلار بار. تۇمشۇق شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ زىيادە قۇرغاق چۆل ئىقلىمىغا تەۋە، كۈن چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 38.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2030.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 225 كۈن.

تۇمشۇق شەھىرىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت تاشيولى 314-لىنىيىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ناھايىتى يېقىن، يۆگەي تاشيولى ۋە تۇمشۇق-مارالبېشى تاشيولى قۇرۇلۇش ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. تۇمشۇق شەھىرى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئورنى ۋە دولان مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەن ماكانى، ئىپتىدائىي توغراقلىق مەنزىرىسى، تەكلىماكان قۇملۇق مەنزىرىسى ھەمدە ئىپتىدائىي بوستانلىق باغ-ھويلىلىرى، توققۇز ساراي خارابىسى قاتارلىقلار بار.








**ۋۇجياچۇ شەھىرى** تەڭرىتېغى بوغدا چوققىسىنىڭ غەربىي شىمال ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب چېتىگە جايلاشقان. شەرقى مىچۈەن شەھىرى بىلەن، جەنۇبى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن، غەرب ۋە شىمالى سانجى شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ۋۇجياچۇ شەھىرى 2002 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، قارىمىقىدا 101 -، 102 - ۋە 103 - تۇەن مەيدانى بار، پۈتۈن شەھەرنىڭ يەر مەيدانى 710 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 90 مىڭ.

ۋۇجياچۇ شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، سۇ، تۇپراق، قۇياش نۇرى، ئىسسىقلىق بايلىقى مول، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. سۇ بايلىقى مول، ئۆستەڭ تورى گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاساسلىقى لاۋلۇڭخې دەرياسى، مېڭجىن سۇ ئامبىرى، 1 - ئاۋغۇست سۇ ئامبىرى قاتارلىق سۇ سىستېمىسى بار.

بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار.

ۋۇجياچۇ مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق - يېرىم قۇرغاق قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا تەۋە، كۈننىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 135 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2263 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 183 كۈن.

ۋۇجياچۇ شەھىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنى مەركەز قىلغان شەھەر ئىقتىسادى چەمبىرىكى ئىچىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ناھايىتى ئەۋزەل، قاتناش شارائىتى قۇلايلىق، ئۆلكە يولى 102 - لىنىيىسى، سانجى - ۋۇجياچۇ تاشيولى، گەنمو تاشيولى بىلەن ئۈرۈمچى - كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى تۇتىشىپ، ھەممە يەرگە تۇتاشقان تېز سۈرئەتلىك تاشيول تورىنى شەكىللەندۈرگەن. ۋۇجياچۇ شەھىرىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، شىمالىدا قۇملۇق مەنزىرىسى ۋە قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش ئۆلچەملىك ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بار، جەنۇبىدا چىڭگېداخۇ دۆلەت سۇچىلىق مەنزىرە رايونى، چىڭگېداخۇ زەيلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار.




1 : 175 000 0 1.75 3.50 5.25 7.00 كىلومېتىر

ئالتىمېتىر -100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر